بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني





2

2015


مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم - مەدەنىيەت ژۇرنىلى



2015-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن شىنخۇادا ئۆتكۈزۈلگەن ''2015-يىللىق جۇڭگو(چىڭخەي) خەلقئارا مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ۋە بۇيۇملار كۆرگەزمىسى''گە قاتناشتى.




2015-يىلى 5-ئاينىڭ 6-كۈنى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 2014—2015-ئوقۇش يىلى 2-مەۋسۇملۇق دەرس باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.





2015-يىلى 4-ئاينىڭ 23-كۈنى، 42-قېتىملىق شىنجاڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.





2015-يىلى5-ئاينىڭ 20-كۈنى، 43-قېتىملىق شىنجاڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.





2015-يىلى 5-ئاينىڭ 22-كۈنى. شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 2010-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش-ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۇنۇس، ئوسمان تارتقان)

# بەدىس شەرىفتىن

شۇبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تۇرقۇڭلارغا ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىڭلارغا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

زېمىندىكى بارچە كىشىلەرگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈڭلار، شۇندىلا ئاللاھ تائالا سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ.

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

ماڭا ساھابىلىرىمدىن ھېچ ئادەم بىراۋ ئۈستىدىن سۆخەنچىلىك قىلمىسۇن. شۇبھىسىزكى، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا دىلىم ساغلام چىقىشنى ياقتۇرىمەن.

(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

المسلم الصينى

# مۇندەرىجە

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


ئىناقلىق—ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان يۈكسەل مەنىۋى نىمەتتۇر.....
.........................ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(4)


## قۇرئان كەرىم تەپسىرى


دۇنيادىكى نېسۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن — سۈرە«قەسەس» 76—78-
ئايەتلىرىنىڭ قىسقىچە تەپسىرى............ شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(11)


## ھەدىس شەرىف تەھلىلى


”كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ
يالغانچىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر“ دېگەن ھەدىسنىڭ قىسقىچە
شەرھىسى.................مۇھەممەدجان تىلىۋالدى(17)


## رەھمەت پەيغەمبىرى


مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى .......
........................ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس(22)


## ۋەز-تەبلىغ


قىياپەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، گۈزەل دىنىي ئوبرازىمىزنى تۇرغۇزايلى .....
......................... ئابدۇلئەھەد دولقۇن(32)
نىيەتنى توغرىلاپ ئەمەللەرنى رىيادىن خالىي قىلايلى............
.........................ئىسمائىل ئەكپەر(34)


## ئەخلاق-پەزىلەت


ھايا پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ .........................
.........................ئابدۇقاھار مەخسۇت(38)
مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاقىت قارىشى توغرىسىدا...... ئەمەتجان ئابلىمىت(42)





جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال ئومۇمىي 115-سان)
（季刊　　总第115期）



پەخرىي باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
باش مۇھەررىر: ئادىل ھاجى كېرىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھاجى بارات رەجەپ
مۇھەررىرلەر: مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر
مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، تېخرىداكتور:
شەمشىنۇر ھوشۇر
名誉主编：夏米西丁・哈吉
主编：阿地里江・阿吉克力木
副主编：巴拉提・拉吉甫
编　辑：买买提阿布拉・艾买尔
买买提明・买合木提
美编、排版：夏美希努尔・吾守尔



刊号 ISSN1007—5836 :خەلقئارالىق نومۇرى
CN11—1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى
邮发代号 : 58—167: پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
E-mail: hedayet@126.com
جەمىيىتىمىز ئۇيغۇرچە تور بېتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ:
http://uyghur.chinaislam.net.cn

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

## ئىسلام بىلىم گۈلزارى


قۇرئان كەرىمدىكى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بەزى مەلۇماتلار ..........
............ئامانۇللا ھېزبۇللا(46)

ئەرەبلەرنىڭ 100 يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى توغرىسىدا قىسقىچە
چۈشەنچە ...........مۇھەممەد ئابدۇرېھىم(51)


## مەسچىت-مەدرىسلەر


قارىقاش ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ...........
............ توختىمۇھەممەت نۇرمۇھەممەتنۇر(57)


## جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار


شىزاڭدىكى مۇسۇلمانلار
............پەرھات يۈسۈپ(59)


## ئوقۇرمەنلەر ساداسى


ياخشىلىقنىڭ ساۋابى........................
............ئەنۋەر تاشتۆمۈر(62)


## خەۋەرلەر


كۇچا ناھىيەسى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى
تەربىيەلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ..............(50)

كۇچا ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا
(50)...........................................

كۇچا ناھىيەسىدە ۋەز-تەبلىغ پائالىيىتى ساغلام ئېلىپ بېرىلماقتا .... (50)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: يۈننەن ئۆلكىسىدىكى شادىيەن مەسچىتى

مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: شىزاڭدىكى لاسا مەسچىتى

بۇ سان 2015-يىل6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تورۇپ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.


**2015**

**2**

**مەسئۇل ئورۇن:** دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
**باشقۇرغۇچى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
**تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:** «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ خوڭۋېي شۇاڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
**مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:**
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېس:** بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 100053
**تېلېفون نومۇرى:** 59313090, 59313021 (010)
**شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:**
ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 280-قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830002؛
**ئالاقىلەشكۈچى:** مۆھتەرەم شىرىپ، ئىسكەندەر
**تېلېفون نومۇرى:** 5508069 (0991)
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主管单位：国家宗教事务局
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：北京宏伟双华印刷有限公司
订阅、发行：全国各地邮局，乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维编部
地址：北京市西城区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：(010) 59313090, 59313021
新疆发行站：乌鲁木齐市黑龙江路 280 号
邮编:830002　电话：(0991) 5508069
联系人：木哈提然木·西日甫,斯坎旦尔
国外发行：中国国际图书贸易公司
（北京 399 信箱）

www.uyghurbook.com



# ئىناقلىق — ھەممە ئارزۇ قىلىدىغان يۈكسەك مەنىۋى نېمەتتۇر

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

تەۋھىد(يەنى ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش)، تىنچلىق ۋە ھەممە ئىشلاردا ئادىل ـ ھەققانىي بولۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي جەۋھىرىدۇر. كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆچەيتىش، بۇ مۇناسىۋەتنى دوستلۇق، مېھىر ـ مۇھەببەت، قېرىنداشلىق، ئادىللىق، باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇپ چىقىش ئىسلامنىڭ ئالىي مەقسىتىدىندۇر. مانا مۇشۇ خىل بىرلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئىنسانلار ئىككىلا ئالەمدە بەختلىك بولالايدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ ھەقىقەتەن(كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ(سۆز-ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ"**{سۈرە «نەھل»(16 ـ سۈرە)، 90 ـ ئايەت}؛ **"ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھ ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار"**{سۈرە« مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت}؛ **"ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن"**{سۈرە «قەسەس»(28 ـ سۈرە)، 77 ـ ئايەت}.

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مۆئمىنلەرنىڭ مىسالى ئۆزئارا دوستلىشىش، كۆيۈنۈش ۋە يار-يۆلەك بولۇشتا بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەندىن بىرەر ئەزا ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەندىن ئۇيقۇ قېچىپ ۋە قىزىپ ئارامسىزلىنىدۇ"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇ قېرىندىشىغا خىيانەت قىلمايدۇ، يالغانچىلىق قىلمايدۇ، ئۇنى ياردەمسىز قالدۇرمايدۇ. ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيىغا، مېلىغا چېقىلىش، قېنىنى تۆكۈش مەنئى قىلىنغان. تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە(يەنى دىلدا)**.

ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

**ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىگەنلىكى كىشىنىڭ يامان ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر**“(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئورتاقلىقتا، بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە ئىگە قىلغان؛ سۆيۈنۈش ۋە كۆيۈنۈش ئارقىلىق مىننەتسىز ھەمكارلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن؛ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا مېھىر ـ مۇھەببەت نۇرىنى چېچىپ، قەلبلەرنى تەسىرلەندۈرگەن، پاك، داغدام يول —— ئىسلام دىنى بۆلۈنۈش ۋە تەرەپبازلىققا، زىددىيەت ۋە خۇسۇمەتكە قارشى تۇرۇپ، بىزنى خاتىرجەم، تىنچلىققا يېتەكلەيدۇ. بۇ دىن —— ئىنسانلارغا ئازاب ئەمەس، بەلكى رەھمەت ئېلىپ كەلگەن دىندۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ”**(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق**“{سۈرە«ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 107 ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز ـ نەسىھەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ”**زېمىندىكى بارچە كىشىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈڭلار، شۇندىلا ئاللاھ تائالا سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ**“(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)؛ ”**مەن(جىمى ھاياتلىققا) ھېسداشلىق قىلىش ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن**“(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان)؛ ”**كىشىلەرگە رەھىم قىلمايدىغان ئادەمگە ئاللاھ تائالامۇ رەھىم قىلمايدۇ**“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يىراق ئۆتمۈش ۋە نۇرانە كەلگۈسىگە ئىدراكى نەزەر بىلەن قارايدىغان بولساق، ئايان بولىدۇكى، بىزنىڭ بارلىق زىيان ۋە ھەسرەت ـ ئازابلىرىمىز ئىتتىپاقسىزلىق، دۈشمەنلىك، پىتنە ـ پاسات خامانلىرىنىڭ زەھەرلىك چاڭ ـ توزانلىرىدىن كېلىپ چىققان ۋە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قەدىر ـ قىممىتىمىزنى ئەزىزلەپ، بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىن ئۆزلۈكسىز ئۇزاپ كېتىۋاتقان بۇ قىممەتلىك پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزگە خاس تالانت ۋە ئىقتىدارىمىزنى نامايان قىلىپ، تۇرمۇشىمىزنى ھالال بولغان مول ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىققا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇش كوللېكتىپنىڭ بارلىققا كەلتۈرگەن ھاياتلىق سەھنىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **”ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا(يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار(يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چوڭقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى(ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ“**{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 103 ـ ئايەت}.

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئارىلىرىدا ئۇزۇن يىل نىزا ـ ئاداۋەت بولغان ئەۋس ۋە خەزرەجدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى، ئىنايىتى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، جاھىلىيەتنىڭ ئىختىلاپ ۋە نىزا ـ ئاداۋەتلىرىنى تۈگەتكەن. يەنە رەسۇلىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: ”**سىلەرنىڭ ئەۋس، خەزرەج دېگەن ناملىرىڭلار ئەمدى ئاخىرلاشتى، ھازىرقى ئىسمىڭلار ئەنسارى بولدۇ. ئەۋس، خەزرەج ئەمەس! سىلەرنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىرلەشتۈرگەن نەرسە ئىسلام دىنىدۇر**“ دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا يەنە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بەرگەن. نەتىجىدە ئۇلار تەسىرلىنىپ، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپ كەتكەن. دەل شۇ ۋەقەلىك بىزگە بىرلىك ـ ئىناقلىقنىڭ كامالىي ئىمان جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى، بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقچىلىقنىڭ گۇمراھلىق يولى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىگە ئەگەشكەندە ئاندىن توغرا يولدىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقى ھەمدە ھەقىقى مېھىر ـ مۇھەببەت، دوستلۇققا ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى تەلىملىرىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمەتلىك كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشى ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى چوڭقۇر تونۇتتى.

دېمەك، ئادەم ھامان ئادەملەر توپى ئىچىدە ياشايدۇ. شەخسنىڭ ئېتىبارى ئەلۋەتتە كوللېكتىپ ئېتىبارى بىلەن نامايان بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مەنپەئەتى جامائەت مەنپەئەتىدىن مۇستەسنا ئەمەس. ھالبۇكى

كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ھەمكارلىشىش، كۆيۈنۈش مۇناسىۋىتىگە ئايلانغان ۋە ھەربىر ئادەم ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى دەل ۋاقتىدا ئادا قىلغاندىلا ھەقىقىي ئىنسانلار جامائەسى بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. ئىتتىپاقلىق ـ كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئىززەت ـ ئىكرام ۋە كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم ياشاشنىڭ يولىدۇر. ئەكسىچە، ئىتتىپاقسىزلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېچىنىشلىق ھالاكەتكە يۈزلىنىشنىڭ سىگنالىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار(يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا(ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر**"{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **208** ـ ئايەت}؛ "**دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا-جۇداسەن**"{سۈرە«ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، **159** ـ ئايەت}؛ "**سىلەر روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ**"{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **105** ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىققا، تەپرىقىچىلىقتىن ساقلىنىشقا قىلغان ئەمىر ـ تەۋسىيەلىرى بىز بەندىلەر ئۈچۈن ئىبرەتلىك ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**مۇسا ئېيتتى: 'ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى كۆرگەن چېغىڭدا(خۇدالىق ئۈچۈن غەزەپلىنىشتە) ماڭا ئەگىشىشتىن ساڭا نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟' ھارۇن ئېيتتى: 'ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلىۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم'**"{سۈرە«تاھا»(20 ـ سۈرە)، **92—94** ـ ئايەتلەر}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**شەيتان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇنۇشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش كويىدىدۇر**"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ "**جامائەتتىن يۈز ئۆرۈپ(بۆلگۈنچىلىك قىلىپ) ئۆلگەن كىشى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەردەك ئۆلگەن بولىدۇ**"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ "**مۇئمىن مۇئمىن ئۈچۈن بۆلەكلىرى بىر-بىرىنى چىڭىتىپ تۇرغان بىناغا ئوخشايدۇ**" دەپ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتتى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى مۇبارەك ھەدىستە ئۈممەتلىرى ئۈچۈن بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ۋە ئەھمىيىتىنى ناھايىتىمۇ ئوبرازلىق بايان قىلىپ، ئۇلارنى ئۇلى پۇختا، ياسىلىشى مۇستەھكەم بولغان بىناغا ئوخشاتقان. خۇددى بىنانىڭ بۆلەكلىرى ئۆزئارا پۇختا چېتىلمىسا، كېسەكلىرى ئۆلچەملىك چاك باسمىسا، بىنا مۇستەھكەم بولمىغىنىدەك، بىز مۇئمىن مۇسۇلمانلارمۇ پەقەت بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئۇيۇشقاندىلا ۋە بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك بولغاندىلا، ئىككى ئالەمدە ئىززەتلىك، ئىناۋەتلىك بولالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەزمۇننى قەلبلىرىمىزگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، مۇبارەك بارماقلىرىنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ كۆرسىتىپ، بۇ نۇقتىنى ناھايىتىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرگەن.

ئەل ـ يۇرتنى قىزغىن سۆيۈش، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش، ئىلىم ـ ھېكمەت، ھۈنەر ـ كەسىپكە يۈزلىنىش، بىرلىك ـ ئىناقلىقنى، دوستلۇقنى ئەلا بىلىش، راستچىل بولۇش، ئەپۇچان ـ كەڭ قورساق بولۇش، خالىس تۆھپە قوشۇش قاتارلىق خىسلەتلەر مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىدىندۇر. ئىنسانلاردىكى بۇ خىل خاراكتېرلەر گۈزەل قەلبنىڭ ئوخچىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام دىنىمىز ھەربىر ئادەمنى ھەقنى تونۇشقا، پاك نىيەت تىكلەشكە، ھەرقانداق ئىش ـ ئەمەلنى توغرا يول بىلەن خالىس قىلىشقا، ئۆزئارا زىيان يەتكۈزمەسلىككە چاقىرىدۇ. جۈملىدىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان خەۋەر ـ مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىپ، مۇمكىنقەدەر تىنچ ـ خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىدىغان سالاملارنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تۇرقۇڭلارغا ۋە تاشقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە**

**ئەمەللىڭلارغا قارايدۇ"**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ **"ماڭا ساھابىلىرىمدىن ھېچ ئادەم بىراۋ ئۈستىدىن سۆز-چۆچەك قىلمىسۇن. شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا دىلىم ساغلام چىقىشنى ياقتۇرىمەن"**(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

دېھقاننىڭ پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن ئۆز زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېكىنزارىدا مېھنەت-تەرى بەدىلىگە مول-ھوسۇلدىن تاغ بىنا قىلىشى ئۈچۈن؛ باغۋەننىڭ ئەتراپىغا خۇش ھىد تارتىپ، تولۇپ پىشقان مېۋىلەردىن باغ بىنا قىلىشى ئۈچۈن؛ ئىلىم ئوچاقلىرىدىكى ئۇستاز ۋە شاگىرتلارنىڭ مەنا-ھېكمەتلەرگە تويۇنغان نەپەس-ئاۋازلىرىنىڭ ئەتراپقا سېھىر يېيىلىشى ئۈچۈن؛ كان-كارخانىلارنىڭ ئىش-ئەمگەكلىرىنىڭ داۋاملىشىشى، جۈملىدىن ھەربىر شەخسنىڭ ئۆز ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئۈچۈن تىنچ-خاتىرجەم شارائىت كېرەك. ئۇندىن باشقا بوستانلاردىكى قۇشلارنىڭ سايرىشى، تاغۇ-چۆللەردىكى جانۇ-جانىۋار، ھايۋانلارنىڭ يايرىشى ئۈچۈنمۇ ئەمىنلىك كېرەك. بۇ ئەمىنلىكنىڭ ئاساسى ئىناقلىقتا بولۇپ، ئىناق ئۆتۈش ئۈچۈن ئەپۇ(كەچۈرۈش) تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش ھەربىر كىشىنىڭ غايە-مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىكى نېگىزلىك ئاساس ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا(پۇل-مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ"**{سۈرە «ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 134-ئايەت}؛ **"ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا(يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن(يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)"**{سۈرە «ئەئراف»(7-سۈرە)، 199-ئايەت}؛ **"ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق(يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ"**{سۈرە «فۇسسىلەت»(41-سۈرە)، 34-، 35-ئايەت}؛ **"كىمكى(ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر"**{سۈرە «شۇئەرا»(42-سۈرە)، 43-ئايەت}.

ئىسلام دىنىمىزدا شۇنداق بىر ھېكمەت تەشەببۇس قىلىنغانكى، ئۇ بولسىمۇ، ئۆز سۆزى ھەقىقەتەن توغرا بولغان تەقدىردىمۇ قارشى تەرەپ بىلەن بۇ ھەقتە دەتالاش قىلماسلىق. مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سالماق خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىگە قويۇلغان بېشارەت.

ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"گەرچە ھەق ئۆزى تەرەپتە بولسىمۇ، جېدەللىشىشنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىشىغا كېپىلمەن. چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ، يالغان سۆزلىمىگەن كىشىنىڭ جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىشىغا كېپىلمەن. گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىنىڭ جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن جايىدىن بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىشىغا كېپىلمەن"**(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

كىشى سۆز قىلىشتىن، ئىشنى ئىشلەشتىن بۇرۇن بۇ سۆزى ياكى بۇ ئىشىنىڭ باشقىلارغا بولغان تەسىرى ھەمدە ئۆزى يەتمەكچى بولغان مەقسىتى ھەققىدە ئوبدان ئويلىنىشى كېرەك. بۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشىنىڭ ئاسان يولى بولغان تەقدىردىمۇ، باشقىلارغا زىيانلىق ئىكەن بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىق كېرەك. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش بەدىلىگە ئېرىشكەن مەنپەئەت، ئاقىۋەتتە ئۆز-ئۆزىگە سالغان ۋابادىن ئىبارەت. چۈنكى، بۇنىڭ بىلەن جامائەت ئىچىدىكى ئورنىڭىز ئاجىزلىشىدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەتتىن ئىگە بولىدىغان ئومۇمىي مەنپەئەتىڭىز زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە، يەنى(بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)"**{سۈرە «ئىسرا»(17-سۈرە)، 36-ئايەت}؛ **"ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ"**{سۈرە «قاف»(50-سۈرە)، 18-ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

www.uyghurkitap.com

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر''**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

تەپرىقىچىلىك — بۆلۈنۈش، كۆپ مەنبە، كۆپ يۆنىلىش پەيدا قىلىش قاراڭغۇ - مۇدھىش يوللارغا سۆرەيدۇ. شۇڭا دىنىمىزدا جامائەتلىك بولۇشقا تەرغىب قىلىنىپ، جامائەتتىن يەكلىنىپ، ئايرىلىپ قېلىشتىن بەكمۇ ئاگاھلاندۇرۇلغان. نامازلارنى كوللېكتىپ، باراۋەر سەپ بولۇپ ئوقۇشتىكى ھېكمەتلەرنىڭ ئاساسلىق بىرسىمۇ، كوللېكتىپلىق، ھەمكارلىق ئىدىيىسىنىڭ دىنىمىزدا كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **''ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار''**{سۈرە «ئەنفال»(8 - سۈرە)، 1 - ئايەت}؛ **''مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن(دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار''**{سۈرە «ھۇجۇرات»(49 - سۈرە)، 10 - ئايەت}.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىنى بىرلىك، ئىناقلىققا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: ''**شەيتان ئىنسان بۆرىسىدۇر. خۇددى قوي بۆرىسىگە ئوخشاش، ئۇ شەيتان جامائەتتىن ئايرىلىپ قالغاننى، جامائەتتىن يىراقلاپ، جامائەتكە قوشۇلماي چەتتە تۇرۇپ قالغاننى ئوڭايلا تۇتىۋالىدۇ(يەنى ئاسانلا ئازدۇرۇپ كېتىدۇ). بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار، جامائەت ۋە ئاۋام خەلقتىن ھەرقاچان ئايرىلماڭلار**''(ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''ئىماملار سىلەرگە ئىمام بولۇپ، ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار دۇرۇس ئوقۇغان بولسا، سىلەرگىمۇ ۋە ئۆزلىرىگىمۇ ئەجىر بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار خاتا ئوقۇسا، سىلەرگە ساۋاب بولىۋېرىدۇ، ئۇلارغا بولسا گۇناھ بولىدۇ''**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام (1924—1870) دىئالوگ شەكلىدە يازغان «زۆرۈر ئەقىدىلەر» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:

سوئال: بىلىم ئۆگىنىشنىڭ ھۆكمى نېمىدۇر؟

جاۋاب: ئىلىم ئۆگىنىش ئەر ۋە ئايالغا ئوخشاش پەرزدۇر، ئىلىم بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان سەۋەبتۇر.

سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمىدۇر؟

جاۋاب: سەۋەب ئىككى، بىرى بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى تەپرىقىچىلىك ۋە ئىختىلاپتۇر.

سوئال: ئىززەت - ئابرۇي نېمە بىلەن بولۇر؟

جاۋاب: ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر.

ئىسلام دىنىمىزدىكى دەۋەتلەردە ئەڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان مەزمۇننىڭ بىرى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كىشىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھالدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشى، بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىشى، يامانلىق قىلماسلىقى ۋە زىيان سالماسلىقى بۇنىڭدىكى يادرولۇق تەلەپلەردىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **''ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىڭىزدىكى ھەمراھقا(يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ''**{سۈرە «نىسا»(4 - سۈرە)، 36 - ئايەت}.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت كەرىمدە: ئۆزى بىزگە مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ بەرگەن بارلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى، ئۇلارغا كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈپ تۇرۇشىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ رازى بولىدىغان ئەمەللەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىر چوڭ قەۋم ئىچىدە ئەڭ كونكرېت نۇقتىلىرىغىچە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەمر - پەرمانىدۇر. مېھرىبان رەببىمىز ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت كەرىمە ئارقىلىق بىزگە ياخشىلىقنى ئالدى بىلەن مېھرىبان ئاتا - ئانىمىز، ئىللىق ئائىلىمىزدىن باشلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئاتا - ئانا ۋە ئائىلە ئۈچۈن بەجانىدىللىق بىلەن مىننەتسىز تىرىشىشىمىز كېرەكلىكىنى، ئۇلارغا كۆيۈنىشىمىز، ئۇلارنى خۇشال ۋە

ئەمەن قىلىشىمىزنىڭ بىزنىڭ دەسلەپكى مەسئۇلىيىتىمىز ئىكەنلىكىنى؛ خىش ـ ئەقرىبالارغا، يەنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە خەيرى ـ ئېھسان قىلىشىمىز، يىراق ـ يېقىن قوشنىلار ياكى يۇرت ـ جامائەت ئارا( مەيلى ئۇ قايسى ئىرق، قايسى مىللەت بولسۇن) ئۆزئارا ياردەمدە بولۇپ ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈشىمىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشىمىزدا مۇھىم بولغان ياشاش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق بىر ھەمراھنىڭ ياكى شېرىكنىڭ ھەققىگە قارا سانىماي، سادىق ھەمكارلاشقۇچىلاردىن بولۇشىمىز، مۇساپىر، يەنى ئۇرۇق ـ تۇغقان يوقلاش، زىيارەت قىلىش، سەيلە ـ ساياھەت قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بۇ يۇرتقا مېھمان بولۇپ كەلگەن كىشىلەرگە ئىللىق چىراي ئېچىپ، سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلارنى يەكلىمەسلىكىمىز، قول ئاستىمىزدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە، يەنى بىز ئەقلىدىن، بىلىمىدىن ياكى كۈچ ـ قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىۋاتقان كىشىلەرگە ئادىل، ھەققانىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز، ئۇلارنى ئالدىماسلىقىمىز، ھەققىنى كەم بەرمەسلىكىمىز كېرەكلىكىنى ناھايىتى مەركەزلىك شەكىل بىلەن بايان قىلىپ، ھەق دىن، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتەن توغرا يول ئىكەنلىكىنى تونۇتقان. بىز يۇقىرىقى مۇناسىۋەت مۇھىتىدىن مەلۇم بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ناھايىتى گۈزەل بولغان ياشاش رېئاللىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بارلىق ھاياتلىق ئارىسىدىكى كۆيۈنۈش ئەۋجىدىن بارلىققا كەلگەن تىنچ ـ ئامانلىق، ئىجىل ـ ئىناقلىق ھەممە ئارزۇ قىلىدىغان يۈكسەك مەنىۋى نېمەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **’’ئاندىن(دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر‘‘**{سۇرە«تەكاسۇر»(102 ـ سۇرە)، 8 ـ ئايەت}.

«تەپسىر جالالەيىن» ناملىق مەشھۇر تەپسىردە بۇ ئايەت كەرىمگە: ’’قىيامەت كۈنىدە چوقۇم سىلەر ئەمىنلىك، تەن ـ ساقلىق، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە قاتناش قوراللىرى قاتارلىق سىلەر بەھرىلىنىۋاتقان بارلىق نېمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر‘‘ دەپ تەپسىر قىلىنغان.

ئۇبەيدۇللا ئىبنى مېھسەن ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **’’سىلەردىن كىمكى تىنچ-ئامان، تېنى ساغلام، ئالدىدا كۈندىلىك يېمەك-ئىچمىكى بار بولسا، گويا دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۇنىڭ ئىلكىگە جەملەنگەن بولىدۇ‘‘**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئىسلام دىنىمىز بىز مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك ـ ئىناقلىق ئىلكىدە ئۆزئارا قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببەت، دوستلۇق يەتكۈزۈشىمىزنى، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنى ئىككى ئالەملىك بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم بۇنى پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتى دەپ قارايدۇ. دىنىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئىجىل ـ ئىناق بولۇشىنى قەتئىي تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەنمۇ ئىناق، بىللە ئۆتۈشىنى، ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرۇشىنى، ئىنسانىيلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئۈزۈپ قويماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **’’ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر(يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر‘‘**{سۇرە«ھۇجۇرات»(49 ـ سۇرە)، 13 ـ ئايەت}.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ’’ۋىدالىشىش ھەجى‘‘دىكى نۇتقىدا پۈتۈن ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى مۇراجىئەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: **’’ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار بىر ئاتىدىن بولغان، ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئەرەبلەر غەيرى ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، غەيرى ئەرەبلەر ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئەمەس؛ قارا تەنلىكلەر ئاق**

**تەنلىكلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن ئەۋزەل ئەمەس؛ كىم ئاللاھقا تەقۋادار بولسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، شۇ ھەممىدىن ئەۋزەل''**(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» ناملىق كىتابتا مۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك دىئالوگ بار:

ـ قايسى ئادەم، قايسى مىللەت ياخشى؟ ـ دەپ سورىدى بىرەيلەن دانىشمەندىن.

ـ مانا مۇشۇ ئىككى قولۇمدىكى توپنىڭ قايسىسى ياخشى؟ ـ دېدى دانىشمەن ئىككى قولىغا يەردىن توپا ئېلىپ، ئاندىن ئىككى قولىدىكى توپىنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ، ئىككى قولۇمدىكى توپىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقى بولمىغىنىغا ئوخشاش ھەممە خەلق، ھەممە مىللەت بىر ـ بىرىگە بۇرادەردۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىدىيە ۋە سىياسىي بىرلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورنىتىش ئارقىلىق بۇ يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى غەيرى مۇسۇلمان خەلقلەر بىلەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلارنى رەتكە سېلىش قارارىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق قىلىشىدىكى بىردىنبىر مەقسىتى بولسا: ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئارقىلىق تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلامىي دەۋەتنىڭ پۇختا ئاساسىنى تۇرغۇزۇش، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەختەر، تىنچ، بەخت ـ سائادەتلىك ۋە ئىللىق تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە شۇنداق كەڭ قورساقلىق ۋە شۇنداق يول قويۇش سىياسىتىنى قوللاندىكى، ئېغىر تەئەسسۇبىيەت ۋە تەرەپبازلىق شوئارى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئاشۇ دەۋردە، ئۇنداق دانا ۋە كەڭرى سىياسەت ھەرگىز تېپىلمايتتى(«شېرىن بۇلاق» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى).

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قىسقىغىنا مۇھاكىمىمىزدە دېمەكچىمىزكى، ھەربىرىمىز يىراققا نەزەر سېلىپ، مىنۇت پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمەي ئۆز ھاياتىمىزنى پاك بولغان، ئەۋلادلار ئۈلگە ئالىدىغان، باشقىلارنى تەسىرلەندۇرەلەيدىغان مەنالارغا تولدۇرۇپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك، ھەمدە ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان بىرلىك، ئىجىل ـ ئىناقلىقنى قەدىرلىشىمىز، دىنىي يول تۇتۇشتا خىلمۇخىل مەزھەپ ـ ئېقىملارغا بۆلۈنۈپ كەتمەستىن، بەلكى رايونىمىزدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى يول ھەنەفىي مەزھىپىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، ئىسلام دىنىمىزدىكى ئوتتۇراھال يول تۇتۇش تەشەببۇسىغا ئەگىشىپ دىنىي ۋە ئادەتلىرىمىزدىكى زىددىيەتلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىشىمىز كېرەك. ماقالىمىزنى مۇتەپەككۇر ئالىم ئەلشىر نەۋائىينىڭ مۇنۇ ھېكمەتلىك سۆز ـ نەسىھىتى بىلەن تۈگەللەيمىز: ''سەن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانلىق قىلما، يامانلىق قىلمىغانلىقىڭ ياخشىلىق قىلغانلىقىڭدۇر''.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە ئامان ـ ئېسەنلىك، خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن! ھەممىمىزنى رەھىمدىل، كۆيۈمچان، پاك دىيانەتلىك مۆئمىن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا تەۋپىق ـ ھىدايەت بەرسۇن، ئامىن!

(ئاپتور: قورغاس ناھىيە لەڭگەر مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)





# دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن

## — سۈرە «قەسەس» 76 — 78 - ئايەتلىرىنىڭ قىسقىچە تەپسىرى

شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

إنَّ قَارُونَ كَانَ مِن قَوْمِ مُوسَى فَبَغَى عَلَيْهِمْ وَآتَيْنَاهُ مِنَ الْكُنُوزِ مَا إِنَّ مَفَاتِحَهُ لَتَنُوءُ بِالْعُصْبَةِ أُولِي الْقُوَّةِ إِذْ قَالَ لَهُ قَوْمُهُ لا تَفْرَحْ إِنَّ اللَّهَ لا يُحِبُّ الْفَرِحِينَ . وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الآخِرَةَ وَلا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِن كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ . قَالَ إِنَّمَا أُوتِيتُهُ عَلَى عِلْمٍ عِندِي أَوَلَمْ يَعْلَمْ أَنَّ اللَّهَ قَدْ أَهْلَكَ مِن قَبْلِهِ مِنَ الْقُرُونِ مَنْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُ قُوَّةً وَأَكْثَرُ جَمْعًا وَلا يُسْأَلُ عَن ذُنُوبِهِمُ الْمُجْرِمُونَ

**تەرجىمىسى:** قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەردۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى، ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: ''كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ''. قارۇن ''مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم'' دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (ئاللاھ بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر.

**تەپسىرى:** بۇ ئۈچ ئايەت سۈرە «قەسەس»نىڭ 76 — 78 - ئايەتلىرى بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇچىغا چىققان بېخىل، تەكەببۇر باي قارۇننىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭ زومىگەر، ئاچكۆز، بېخىل، تەكەببۇرانە خاراكتېرى ۋە روھىي قىياپىتى سۈرەتلەپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھىتى ئاممىباب، گۈزەل تىللار بىلەن بايان قىلىنغان.

سۈرە «قەسەس»نىڭ بېشىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭدا پادىشاھلىق ۋە مۇستەبىتلىكنىڭ ۋەھشىيانە كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلىنىش بىلەن بىرگە بۇنداق پادىشاھلىق ۋە مۇستەبىتلىكنىڭ ھەددىدىن ئېشىش، ئېزىش، ئاللاھنى

قۇرئان كەرىم تەپسىرى

www.uyghurkitap.com

ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭ توغرا يولدىن يىراقلىشىش سەۋەبىدىن قانداق گۇمران بولغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا بۇ ئۈچ ئايەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردە قارۇننىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مال ـ دۇنيا ۋە ئىلىم زومىگەرلىكىنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ تاشلىنىپ، بۇنداق زومىگەرلەرنىڭ مۇشتۇمزورلۇق قىلىش، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، ياراتقۇچىنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىش سەۋەبىدىن قانداق ھالاك بولغانلىقى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، توغرا قىممەت قاراشنىڭ ماھىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، دۇنيانىڭ ئېسىل، پاك نەرسىلىرىدىن پايدىلىنىشتا يەر يۈزىدە تەكەببۇرلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلماستىن ئىمان ـ ئەقىدە ئىسلاھات ۋە بەرپاچىلىق قىممىتى بىلەن مال ـ دۇنيا، زىبۇ ـ زىننەت قىممىتىنى مۇۋاپىق تۇردە ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ھەم زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىدۇ.

مەزكۇر سۈرە قىسسە يۈز بەرگەن زامان ۋە ماكانىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەيدۇ، پەقەت قارۇننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ شۇ قەۋمگە يوغانچىلىق ۋە ئۆكتەملىك قىلغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. بەزى مەنبەلەردە قارۇننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى، مەزكۇر ۋەقەنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا يۈز بەرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. يەنە بەزى مەنبەلەردە قارۇننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى مەلۇم بىر ئايال بىلەن پاھىشە قىلدى، دەپ تۆھمەت چاپلىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ داۋاملىق ئازار بەرگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئاقلاپ ۋە قوغداپ، ئۇنىڭغا قارۇننى جازالاشقا ئىجازەت بەرگەنلىكى ۋە قۇدرەت ئاتا قىلغانلىقى، ئاخىرىدا قارۇننى مال ـ دۇنياسى بىلەن قوشۇپ يەر يۇتۇپ كەتكەنلىكى زىكرى قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەزكۇر سۈرىدە زىكرى قىلىنغان ئاساسىي قىسسە ئۆزىنىڭ زىكرى قىلىنىشىدىكى مەقسەتنى يورۇتۇپ بېرىشكە ۋە ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرمەكچى بولغان قىممەت قاراش، قائىدە ـ پرىنسىپلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قارۇنغا ناھايىتى كۆپ مال ـ دۇنيا ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ھەددى ـ ھېسابسىز خەزىنىلەر دۇنياسىغا ئايلانغان ئىدى. بۇ خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى نۇرغۇن كۈچتۈڭگۈر ئامبارچى ئەرلەرنى ھاردۇرۇپ قوياتتى. قارۇن مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قەۋمگە زومىگەرلىك قىلغان ئىدى، مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قەۋمگە ھاكاۋۇرلۇق قىلغان ئىدى. ئۇ شۇنداق ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىكى، ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى تارتىۋالدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئۇنى بۇ خىل چەكتىن ئاشقان ئەسەبىي، ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىدىن توسۇپ، ئۇنى توغرا يولغا قايتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەر چىقتى. بۇ كىشىلەر تۇتقان يول شۇنداق يولكى، بايلىقنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئاللاھ رازى بولىدىغان توغرا يولدۇر؛ بايلىق ئىگىلىرىنى بايلىقتىن مەھرۇم قىلمايدىغان ھەققانىي يولدۇر؛ ئاللاھ ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكتىن يوللۇق رەۋىشتە پايدىلىنىشنى ھارام قىلمايدىغان ئادالەت يولدۇر؛ كىشىلەرگە ئوتتۇراھاللىقنى ئۆگىتىدىغان يولدۇر؛ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان بارلىق نېمەت ـ ئىنئاملىرىدا ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدىغان يولدۇر؛ ئۇلارغا دۇنيادىمۇ ياخشى ياشاپ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشى ياشاشنى كۆزلەشنى ۋە ئاخىرەتتىكى ھېساب ـ كىتابقا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈشنى تەكىتلەيدىغان يولدۇر.

**’’ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتقان: ’كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن(ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ)ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ‘ ‘‘** دېگەن بۇ سۆزدە ئىلاھىي توغرا يولنىڭ باشقا يوللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قىممەت قاراش ۋە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يىغىنچاقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۆرەڭلەش ــ مال ـ دۇنيا بىلەن ئۆزىنى ھەممىدىن غالىب ساناش، مال ـ دۇنياغا مەستخۇش بولۇش، مال ـ دۇنيانى بەختنىڭ بىردىنبىر ئاساسى، دەپ ھېس قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش،

باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك پىسخىك ھالەت بولۇپ، بۇنداق پىسخىكا مال-دۇنيانى ئاتا قىلغان زات ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان دەرىجىدىكى تۇزكورلۇق پىسخىكىسىدۇر. شۇنداقلا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مال-دۇنياغا بېغىشلىۋېتىدىغان، قەلبى پەقەت مال-دۇنيا ئۈچۈن داۋاملىق گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرىدىغان خۇدىنى يوقىتىش پىسخىكىسىدۇر، ھەمدە ئۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا كۆز-كۆز قىلىدىغان، چوڭچىلىق قىلىدىغان ئەزۋەيلەش پىسخىكىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ نورمال ئىنسانلىق پىسخىكىسىنى ۋە مۇسۇلمانلىق تەبىئىي خاراكتېرىنى يوقىتىپ، مال-دۇنيا ئۈچۈن ئەسەبىيلىشىپ، كىشىلەرگە كۆرەڭلەيدىغان ئۆكتەملەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تەڭداشسىز، چەكسىز ئىلىم-قۇدرەت ئىگىسىدۇر، چوڭلۇق پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئىنساننى ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى بىلسۇن ۋە ئىنسان ئۆزىنىڭ بەندە ئىكەنلىكىنى تونۇسۇن، ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلسۇن، ئۆزىگىلا چوقۇنسۇن، دەپ ياراتتى. ئىنسان يارىتىشنىڭ بۇ خىل مەقسىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزى بىلەن باراۋەر يارىتىلغان ئىنسان دەپ قارىشى، ھەرگىز ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىقى، ئۆزىنى بارلىق ئىنسانلار بىلەن ئىنسانىي قىممەتتە ئوخشاش، دەپ تونۇشى، يەر شارىنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان پروگرامما بويىچە گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشى لازىم. ھەرگىزمۇ ساغلام ئىنسانىي فىترەتتىن چەتنىمەسلىكى شۇنداقلا ھەقىقىي ئىلاھىي قىممەت بىلەن چىن ئىنسانىي قىممەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تونۇپ يېتىپ، ئاللاھنى ئۆزىگە لايىق مۇقەددەس سۈپەتلەر بىلەن، ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزىگە لايىق ئىنسانىي سۈپەتلەر بىلەن تونۇشى، ئۆزىنى ۋە باشقا ھەرقانداق ئىنساننى ھەرگىز ئىنسانىي سۈپەتلەردىن ھالقىتىپ ئىلاھلاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. چۈنكى، بۇنداق قاراش ئىنساننى يەر يۈزىدە پاساتچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

**"ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن"** دېگەن بۇ كەلىمىدە ئىلاھىي توغرا يولنىڭ ئوتتۇراھاللىقى نامايەن بولىدۇ. بۇ شۇنداق ئوتتۇراھال يولكى، مال-دۇنيا تاپقۇچىنىڭ قەلبىنى ئاخىرەتكە باغلايدۇ. ئۇنىڭغا مۇشۇ دۇنيادىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان نەرسىلەردىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىشنى ھارام قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ھاياتنى مەنىسىز ئۆتكۈزىدىغان ۋە ئۇنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان زەئىپ زاھىدلىق، يەنى تەركىدۇنيالىق يولىغا ماڭماسلىقنى ئەسكەرتىپ، ھاياتلىق دۇنياسىدىن يوللۇق رەۋىشتە بەھرىمەن بولۇشنى ھەقىقىي تۈردە تەكىتلەيدۇ. شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ پەقەت ئىلاھىي تەلپۈنۈش ۋە چوقۇنۇش دىنى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئىلاھىي تەلپۈنۈش ۋە چوقۇنۇشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا ئۆزىنى بېغىشلاش، تۆھپە قوشۇش ھەم بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت ئوتتۇراھاللىق سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى ئاڭ، ئاكتىۋال ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ھەرىكەت، تەخىرسىز رېئال ئىجتىمائىي بەرپاچىلىق ۋە ماسلىشىشچان ئىجتىمائىي تەرەققىيات دىنى ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، باي بولۇش بىلەن مال-دۇنياغا بېرىلىشنىڭ پەرقىنى ئايرىش كېرەك. باي بولۇش مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىر ئادەم مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولسىمۇ، باي بولالماسلىقى مۇمكىن. بىر ئادەم باي بولسىمۇ مال-دۇنياغا بېرىلمەسلىكى مۇمكىن. بىر ئادەم داۋاملىق مال-دۇنيانىڭ ئىشقىدا ياشىسا، يەنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ياشاش مەقسىتىنى مال-دۇنيا توپلاش قىلىۋالسا، بۇ ئادەم نامرات بولسىمۇ دۇنياپەرەس ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەم داۋاملىق ئاخىرەت، يەنى ياخشىلىق ئىشقىدا ياشىسا، يەر شارىنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ھالدا گۈللەندۈرۈشنى بۇ دۇنيادىكى ياشاش مەقستى قىلسا، ئۇ ئادەم باي بولسىمۇ مال-دۇنياغا بېرىلمىگەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا باي بولۇشنى مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇش؛ نامراتلىقنى دۇنياغا بېرىلمەسلىك، دەپ چۈشىنىۋېلىش ئىسلام دىنى تەركىدۇنيالىقنى، خاس روھانىيلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن، دېگەن خاتا ئۇقۇمنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى نوقۇل روھانىيلىقمۇ، نوقۇل ماددىچىلىقمۇ قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تۇرىدىغان ھەم روھىي تەرەپكىمۇ ھەم ماددىي تەرەپكىمۇ مۇۋاپىق رەۋىشتە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئوتتۇراھاللىقنى تەكىتلەيدىغان توغرا دىندۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا "**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن**" دېگەن بۇ روھ ۋە ماددا ئارىسىنى ئۆز ئېھتىياجلىرى بويىچە مۇۋاپىق تەڭشىگۈچى ئىلاھىي تەڭشەك ۋە مىزاننى بېكىتكەن. بۇ نۇقتا يەنە تۆۋەندىكى ھەدىس شەرىفتە ناھايىتى ئېنىق بىۋاستە شەرھلەنگەن: "**ئۈچ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان تائەت-ئىبادىتى توغرىلىق سوئال سورىدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز ساناپ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتكەنكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن تۇرسا بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيتتۇق دېيىشتى، ئۇلارنىڭ بىرى ھەمىشە كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن دېدى، يەنە بىرى مەن ھەمىشە روزا تۇتىمەن، ھەرگىز ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن دېدى، يەنە بىرسى مەن ئاياللاردىن يىراق بولىمەن، ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن دېدى. رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دەپسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھتىن بەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن، روزىنىمۇ بەزىدە تۇتىمەن (بۇ يەردە نەفلە روزا كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن، خوتۇننىمۇ ئالىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىم (يولۇم)نى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ سۈننىتىمگە مەنسۇپ ئەمەس، دېدى**" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئىسلام تارىخىدا شۇنداق كىشىلەر ئۆتكەنكى، ئۇلار ئىسلامنىڭ روھ ۋە ماددىنىڭ يوللۇق ئېھتىياجلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان ئالاھىدىلىكىگە سەل قاراپ ياكى ئۇنى بۇرمىلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت قارىشىنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىپ، ئۇلاردا دۇنيا ئىشلىرىغا سەل قاراپ، ئاخىرەت ئىشلىرىغا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋالىدىغان بىرتەرەپلىمە خاھىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى ئاق كۆڭۈل، ساددا مۇسۇلمانلار ئاخىرەتكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىمىز، دەپ دۇنيانىڭ پاك، ئېسىل نېمەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ تەركىدۇنيالىق يولىغا ماڭدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتنى كۆزلەيمىز، دەپ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن قۇرۇق قېلىشىنىڭ ئۈستىگە ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىنمۇ قۇرۇق قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشمىدى. ئۇلار "**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن**" دېگەن ئىسلامنىڭ دۇنيا-ئاخىرەت ئىشلىرىغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش توغرىسىدىكى پروگرامما خاراكتېرلىك بۇ تەلىماتنى توغرا چۈشىنەلمىدى. ئاخىرەتنى تىلەش مەقسەت، دۇنيادىكى نېسىۋىسىنى ئۇنتۇماسلىق ۋاستە. ۋاستە بولمىسا، مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار قاچانكى، بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقاردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلاردا ئىلىم-پەن روھى سۇسلاپ، خۇراپاتلىق ئەۋج ئالدى. ئۇلار دۇنيانى تاشلاپ، پەقەت خاس ئىبادەتكىلا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن بازارلاردىن مازارلار ئاۋاتلىشىپ كەتتى. تېبابەت ئىلمى چېكىنىپ، جىنكەشلىك، سېھىرگەرلىك تەرەققىي قىلدى. بىمارلار تېۋىپنى ئىزدىمەي، جىنكەش-داخانلارنى ئىزدىدى. شۇنىڭ بىلەن تېۋىپلار خار، جىنكەش-داخانلار "ئەۋلىيا" بولدى. ھازىرقىدەك زامانىۋى دۇنيادىمۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى، بەختىنى كۆپ-كۈندۈزدە ئالدامچى پالچىلارنىڭ ئالدىدىكى تاشلاردىن، قارتىلاردىن، ھەر خىل مەۋھۇم شەكىللەردىن ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنى كۆرمەك تەس ئەمەس. بەزى كىشىلەر دۇنيا ھارام، دېدى-يۇ، مۇخلىسلار بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلسا، دۇئا قىلىپ، رەھمەت، ساخاۋەتچىم! دېدى. لېكىن ئۇلار ئويلىمىدىكى، بۇ ھەدىيە نەدىن كەلگەن؟ بۇ دۇنيا ئەمەسمۇ؟

ئاللاھ تائالا دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ ئېسىل، پاك نەرسىلىرىنى ئىنسانلارنى پايدىلانسۇن ۋە بۇ نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشسۇن، "ئۆزىنى خار قىلغۇچە، كۈچىنى خار قىلسۇن" دەپ ياراتتى. شۇنداقلا ھاياتلىق يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىدە ئىنسان يارىتىشىدىكى ئىرادىسى ۋە ئىنساننىڭ بۇ يەردە ئورۇنباسارلىق قىلىش (يەر شارىنى گۈللەندۈرۈش) ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىدۇ. بۇنداق بولۇشى دۇنيادىن يوللۇق بەھرىلىنىشتە ئۇلارنىڭ يۆنىلىشىنىڭ پەقەت ئاخىرەت بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇلار بۇ يۆنىلىشتىن چەتنىمەيدۇ، بەھرىلىنىش سەۋەبىدىن يۈكلەنگەن

ۋەزىپىلىرىدىن باش تارتمايدۇ. ئۇلار كېتىۋاتقان يۈنىلىشىنىڭ مۇشۇ دۇنيادىن ئۆتىدىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشقا موھتاج بولۇپ قالغانلىقىنى، بەھرىمەن بولمىسا ياشىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەھرىمەن بولۇشنىڭ ھېسابىغا ئۇنى گۈللەندۈرۈپ، پەرۋەردىگارىغا شۈكرى ئېيتىشىنىڭ لازىملىقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مۇشۇنداق چۈشەنچە بىلەن بەھرىلىنىش نېمەت ئىگىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتالىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتۇر ھەم ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولغانلىقتۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇنداق بەھرىلىنىشمۇ ئاللاھ جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغان ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا شەرتسىز، بەدەلسىز، مېھنەتسىز بەھرىلىنىش بولمايدۇ. شەرتسىز، بەدەلسىز، مېھنەتسىز بەھرىلىنىش نېمەتنى قەدىرسىز ئەخلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. پەقەت ئاللاھلا ھەقسىز رىزىق بېرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بۇنداق ھەقسىز رىزىققا قويىدىغان تەلىپى پەقەت رىزىق بەرگۈچىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ مال-دۇنياغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتىكى كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئورۇندىمىغان ۋە بۇ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلمىغان كىشىلەردىنمۇ ئۆزىنىڭ ئادىللىقىدىن، شۇنداقلا سىناق يۈزىسىدىن رىزىقنى توختىتىپ ياكى كېمەيتىپ قويمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئادالىتىنى نامايان قىلىدىغان ھېكمەتتۇر. ئادالەتنى ياقلايدىغان ۋە قائىدە-پرىنسىپقا ئەمەل قىلىدىغان تەرتىپلىك بۇ يول ئىنسان ھاياتىدا شۇنداق ئەمەلگە ئاشىدۇكى، بۇ يول ئىنساننى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئادالىتىگە تولغان ھالەتتە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنى دائىمىلىق روھىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

**“ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن(ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن”**. چۈنكى، مال-دۇنيا ئاللاھنىڭ ئىنسانغا قىلغان ھەدىيەسى ۋە ئېھسانىدۇر. ئىنسان ئېھساننى ئېھسان بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم. يەنى ئاللاھ ھەدىيە قىلغان ياخشىلىقنى ياخشىلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ياخشىلىق بىلەن تەسەررۇپ قىلىشى كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مال-دۇنيا بىلەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ بەندىلىرىگە ئېھسان، يەنى ياخشىلىق قىلىش كېرەك. نېمەتنى داۋاملىق ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا داۋاملىق شۈكرى قىلىشنىڭ ئەڭ ھاياجانلىق، ئەڭ يۈكسەك تۇيغۇسى بىلەن ياخشىلىق قىلىش كېرەك.

**“يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ”**. يەنى بايلار باي بولدۇم، دەپ كىشىلەرگە زۇلۇم سېلىپ ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماسلىقى، شۇنداقلا مال-دۇنيادىن مۇتلەق چەكلىمىسىز بەھرىمەن بولمەن، دەپ ئاللاھ ئاتا قىلغان مال-دۇنيانى كەلسە-كەلمەس يامان ئىشلارغا، يامان يوللارغا ئىشلىتىپ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماسلىقى لازىم. ئىنسان بالىسى قارۇنغا ئوخشاش **“مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم”** دېمەسلىكى لازىم. يەنى مال-دۇنيانى ياخشى ئىشلارغا ئىشلەت دېيىلسە، مەن ئۇنى ئۆز بىلىمىم، ئەقىل-پاراسىتىم بىلەن تاپتىم. ئۇ ماڭىلا خاس، بەرمىسەم ئۆزۈمنىڭ ئىشى، دېمەسلىكى لازىم. بۇنداق سۆز نېمەتنىڭ مەنبەسىنى، پايدىسىنى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى ئۇنتۇتقان، ئۆز-ئۆزىدىن مەغرۇرلانغان مەمەداننىڭ سۆزىدۇر. چۈنكى، مال-دۇنيا ئۇنىڭ قەلبىنى تۈگىمەس ۋەسۋەسىگە مۇپتىلا قىلىۋەتكەن، ياخشى سۆزنى ئاڭلىمايدىغان گاس قىلىۋەتكەن. بۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان تىپ خاراكتېرلىك كرىزىس ۋە تراگېدىيەدۇر. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ئەمگىكىنىلا ئۆز بايلىقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى بىردىنبىر سەۋەب، دەپ ئويلايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇكى، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئىنساننى يارىتىپ ئۇنىڭغا ياشاش شارائىتلىرىنى ئاتا قىلمىسا، ئاندىن ئىنسان ئۆزى تېپىپ، ئۆزى بۇزۇپ چاچقان ياكى ئۆزى چىڭ تۇتۇۋالغان مال-دۇنياسى ھەققىدە ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى سورۇشتە قىلىنماي قالارمۇ؟ مال-دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى بىلەن ياخشىلىقلىرى ھەققىدە ھېچقانداق ھېساب-كىتاب قىلىنماي قالارمۇ؟

ئىسلام دىنى شەخسىي مۈلۈكچىلىكنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى تۈرلۈك ھالال يوللار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسىتىلگەن شەخسىي تىرىشچانلىققا ئىجابىي باھا بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەخسىي مۈلۈكنى تەسەررۇپ

www.uyghurkitap.com

قىلىشتىمۇ خۇددى ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتىمۇ ئالاھىدە پرىنسىپ بەلگىلىگەندەك پرىنسىپ بەلگىلەيدۇ. شەخسنى ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ. ھەمدە ئۇنى سەرپ قىلىشتا خالىغانچە قول سوزۇشقىمۇ يول قويمايدۇ، پېخسىقلىققىمۇ يول قويمايدۇ، لېكىن قارۇن قەۋمىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، پەرۋەردىگارىنىڭ نېمىتىنى تونۇمىدى، توغرا قائىدە ـ پرىنسىپقا ئەمەل قىلمىدى، بەلكى پەسكەشلىك، تەكەببۇرلۇق، ئۆكتەملىك تۈپەيلىدىن ئاشۇ توغرا قائىدە ـ پرىنسىپتىن، توغرا ئەقىدىدىن باش تارتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا: **"قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان(مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى(ئاللاھ ئۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر"** دېيىلدى.

ئاللاھ تائالا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئەنە ئاشۇنداق قارۇندىنمۇ كۈچلۈك نۇرغۇن پەسكەش، تەكەببۇر، ئۆكتەم، ئاچكۆز، پېخسىق، زالىم بايلارنى ھالاك قىلدى. ئەسلىدە ئۇمۇ ئۇنى بىلىش كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇنداق تونۇش ئۇنى قۇتقۇلدۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان بىلىم ئىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ توپلىغان مال ـ دۇنياسى ۋە خاتا ھالدا يەكۈنلىگەن تونۇشى ۋە بىلىمى ئۇنى قۇتقۇلدۇرالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى زۇلۇم، ئۆكتەملىك، ھاكاۋۇرلۇق، پېخسىقلىق، ھارامدىن مال ـ دۇنيا تېپىش ئىدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، قارۇن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بايلارنى ھالاك قىلىش ئاللاھقا ئاساندۇر. تارىختا بۇنداق ئىشلار كۆپلەپ يۈز بېرىپ ئىنسانىيەت تارىخىغا ئۆچمەس ئىبرەت مىساللىرىنى قالدۇرغان.

تارىخقا قارايدىغان بولساق، قارۇنغا ئوخشاش بۇنداق بايلار قارۇننىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ماھىيەتلىك ھالدا تەكرارلاپ كەلدى. بۈگۈنكىدەك زامانىۋى دۇنيادىمۇ بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرماقتا. تارىخ ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، مال ـ دۇنياسىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئۇنۇتقان؛ ئۆزىنىڭ ئەسلىنى، مال ـ دۇنياسىنىڭ مەنبەسىنى، تارىخنىڭ ئىبرىتىنى، دەۋرنىڭ تەلىپىنى بىلمەي، بۇ نەرسىلەر پەقەت مېنىڭ بىلىملىك، تىرىشچان ئىكەنلىكىمدىنلا قولغا كەلدى، دەپ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھىي كۈچ ۋە ھېچقانداق تەبىئىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي ئامىلنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ ئازماقتا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئاچچىق بەدەل تۆلىمەكتە. تارىخنىڭ، دەۋرنىڭ جازاسىنى ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا قوبۇل قىلماقتا.

ئىنسان شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان خاتالىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ. لېكىن، ئاللاھ ناھايىتى مېھرىبان زات بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان خاتالىقلارنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. بىراق بۇ خىل جازالاش ۋە كەچۈرۈۋېتىشنىڭ ماتېماتىكىلىق فورمۇلىسى يوق. ئاللاھ كىمنى خالىسا جازالايدۇ، كىمنى خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئۆزىگە كەلگەن كرىزىسلارنىڭ سەۋەبىنى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن ئىزدىشى، ئاندىن تاشقى ئامىلدىن ئىزدىشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى دەلىللەشكە تۆۋەندىكى ئايەت كۇپايە قىلىدۇ: **"سىلەرگە(يەنى جىنلارغا ياكى ئىنسانلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدۇ(ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)"**{سۈرە«شۇرا»(30 ـ ئايەت)}.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيادىن يوللۇق رەۋىشتە پايدىلىنىش ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن ئوتتۇراھال، توغرا يولدۇر. ئاخىرەتنى دەپ دۇنيادىن ۋاز كېچىش تەركىدۇنيالىقتۇر، دۇنيانى دەپ ئاخىرەتتىن ۋاز كېچىش دۇنياپەرەسلىكتۇر. تەركىدۇنيالىقمۇ ئىسلام ئەمەس، دۇنياپەرەسلىكمۇ ئىسلام ئەمەس. ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز نىسبەتلىرى بويىچە چىڭ تۇتۇش ئىسلامدۇر. تەركىدۇنيالىق سەل قاراش ۋە ئوڭچىللىقتۇر، دۇنياپەرەسلىك چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سولچىللىقتۇر. ئاخىرەتكىمۇ، دۇنياغىمۇ ئۆز نىسبەتلىرى بويىچە ئېتىبار بېرىش دەل بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇراھاللىقتۇر. ئوتتۇراھال يولدىن چەتنەش ھالاكەت يولىدۇر. شۇڭا، تارىختا ئۆتكەن دۇنياپەرەس ۋە تەركىدۇنيا كىشىلەرنىڭ قاتتىق ھالاكىتى ھەربىر ھوشيار مۇسۇلماننىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىبرەت مىسالىدۇر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)




مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه و سلم : كفى بالمرء كذبًا أن يحدّث بكلّ ما سمع ( رواه مسلم )

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر''**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## ھەدىسنىڭ قىسقىچە شەرھىسى

سۆزلەشتىن ئىبارەت بۇ ئىنئام ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ''**مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھىفزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى)، ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى**''{سۈرە«رەھمان»(55 ـ سۈرە)، **1—4** ـ ئايەتلەر}. سۆزلەشتىن ئىبارەت بۇ نېمەتتىن توغرا پايدىلىنىش، توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان تىلنى باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش، قىلىۋاتقان سۆزىنىڭ تېمىسى ۋە ئۇسلۇبىغا ئەھمىيەت بېرىش ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلمان دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر. چۈنكى، ئېغىزدىن چىققان ھەربىر ئېغىز سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سۆز ئېغىزدىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئادەم سۆزنى باشقۇرسىمۇ، سۆز ئېغىزدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ. شۇڭا سۆزلەشتىن ئاۋۋال شۇ سۆزنى قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنىڭ بار ـ يوقلىقىنى ئويلاش، زۆرۈر بولسا سۆزلەش، بولمىسا سۈكۈتتە جىم تۇرۇش ياخشىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن**، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم

ھەدىس شەرىپ تەھلىلى

تۇرسۇن"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بىر كىشى ئۆزىنىڭ تىلىنى تىزگىنلەپ، ئۆزىنى باشقۇرالىسا، يەنى گەپ قىلىشقا بولمايدىغان ئورۇنلاردا سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرسا، سۆزلەشكە تېگىشلىك يەرلەردە ئورۇنلۇق سۆز قىلسا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتىگە ئېرىشىدۇ. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى ئېغىزىنى ۋە جان يېرىنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىللىك قىلىمەن**"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇنىڭ ئەكسىچە، ئويلانمايلا ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان، تايىنى يوق مەززىسىز گەپنى تولا قىلىدىغان ئادەم كۆپ خاتالىشىدۇ ۋە ئەخمەقلىقى كۆپ بولىدۇ، ئەل ـ جامائەت ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى يوقىتىدۇ. ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلگەن تىل شەيتاننىڭ قولىدىكى چۇلۋۇرغا ئايلىنىپ، ئۇ ئىنساننى خالىغانچە باشقۇرىدۇ، قەلبىنى قارايتىدۇ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئەللەيلىتىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن باشقا سۆزلەرنى كۆپ سۆزلىمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن باشقا سۆزلەرنى تولا قىلىش دىلنى قاساۋەتلەشتۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالادىن ئەڭ يىراق كىشى بولسا دىلى قاساۋەتلىشىپ كەتكەن كىشىدۇر**"(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). شۇنداقلا بەزىدە ئويلانماستىن، پەرۋاسىز دەپ تاشلىغان بىر ئېغىز سۆز شۇ كىشىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسرەت ـ نادامەتتە قويۇشى مۇمكىن. ئابدۇراھمان بىلال ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**بىر ئادەم ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلىدىغان بىر سۆزنى قىلىپ سالىدۇ-دە، شۇ سۆزنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈنگىچە رازىلىقىنى پۈتتۈۋېتىدىغانلىقى خىيالىغا كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىدىغان بىر سۆزنى قىلىپ سالىدۇ-دە، شۇ سۆزنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىن قىيامەتكىچە نارازى بولىدىغانلىقى ئويىغمۇ كەلمەيدۇ**"(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئۇنىڭ بىھۇدە گەپ ـ سۆز ۋە قىلمىشلاردىن يىراق تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقىغا قاراپ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ**"{سۈرە«قاف»(50 ـ سۈرە)، 18 ـ ئايەت}؛ "**بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە(يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم، دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل(يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ**"{سۈرە «ئىسرا»(17 ـ سۈرە)، 36 ـ ئايەت}. بىر كىشىنىڭ بىھۇدە گەپ ـ سۆز ۋە قىلمىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى ئۆمۈرنى زايە قىلغانلىقىدۇر، ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق پايدىسىز ياكى زىيانلىق ئىش ـ ھەرىكەت، بىھۇدە سۆزلەردىن يىراق تۇرۇش كىشىنىڭ توغرا يولدا ماڭغانلىقىنىڭ ئالامىتى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى نىجاتلىققا ئېرىشىش ئاساسلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى، (شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر، ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر، ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر**"{سۈرە «مۇئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 1—4 ـ ئايەتلەر}. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**بىر كىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان پايدىسىز ئىشلارنى تەرك ئېتىشى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ گۈزەللىكىدىندۇر**"(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ھەمىشە پايدىسىز ياكى زىيانلىق گەپ ـ سۆزلەرنى تەرك ئېتىش، تىلنى ئاللاھ تائالا خۇرسەن بولىدىغان ۋە ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ دىلى سۆيۈنىدىغان ياخشى سۆزلەرنى قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش لازىم. كۆڭۈلدىكى سۆزنى چىرايلىق سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك دىيانەت ئەھلىنىڭ ئىشىدۇر. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: "ئى رەسۇلۇللاھ، قانداق مۇسۇلمان ئەڭ ئەۋزەل بولىدۇ؟" دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن كىشى**" دېدى

(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش، چىرايلىق سۆزلەش، تىلنى تىزگىنلەش، پايدىسىز سۆزلەرنى تەرك ئېتىش، راست ـ يالغانلىقى ئېنىق بولمىغان ئەپقاچتى گەپلەرنى تارقاتماسلىق ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **''بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن''** {سۈرە«ئىسرا»(17 ـ سۈرە) 53 ـ ئايەت}. شۈبھىسىزكى، كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلغاندا، ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكىلى، ئارىدىكى چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. تاسادىپىي پەيدا بولىدىغان زىددىيەت، ئازارلىنىش، ئاداۋەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ يالقۇنجاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، **''ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق(يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ''** {سۈرە«فۇسسىلەت»(41 ـ سۈرە)، 34 ـ ئايەت}. ھەرقانداق كىشىنىڭ بىر ئادەمنى پۇل ـ مال ياكى قوپاللىق بىلەن ئۆزىگە مايىل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، سىلىق سۆز ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مايىل قىلىشى تامامەن مۇمكىن.

كىشى ھەربىر سۆزنى ئەقىل تارازىسىدا دەڭسەپ دېيىشى كېرەك. بىر ئېغىز ئەپقاچتى گەپ جەمئىيەتتە ئىناقسىزلىق ـ زىددىيەت پەيدا قىلىشى، ئائىلەگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىشى، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈشى، شۇنىڭ بىلەن ''سۇغا سالساڭ سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئالغىلى بولماس قالغان كۆڭۈلنى'' دېگەندەك ئىشلار سادىر بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ناچار قىلىق مۇئمىن مۇسۇلمانلاردا سادىر بولسا قەتئىي بولمايدۇ. شۇڭا مۇئمىن مۇسۇلمانلار بىھۇدە گەپ ـ سۆز قىلىش ۋە خاتالىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، ئاڭلىغانلىكى گەپنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **''ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار''** {سۈرە«ھۇجۇرات»(49 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت}.

ئېنىقكى، تىلىنى باشقۇرغان كىشى نادامەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە، دەۋاتقان گەپلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ ياكى ئەمەسمۇ دېگەنلەرنى ئويلاشماي، پەقەت ئاڭلىغىنىنى بازارغا سېلىش بىلەن ئاۋارە بولۇش، بىر گەپنىڭ راستلىقىنى بىلمەي ئۇنى راستتەك تارقىتىپ يۈرۈش ئەخلاقسىزلىقتۇر ۋە چوڭ گۇناھتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **''مۇئمىنلەر ۋە مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى(چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ)بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ''** {سۈرە«ئەھزاب»(33 ـ سۈرە)، 58 ـ ئايەت}؛ **''مۇئمىنلەرنىڭ ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئاللاھ(سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر''** {سۈرە«نۇر»(24 ـ سۈرە)، 19 ـ ئايەت}. شۇڭا ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلمان ئۆزىنى ۋە سۆزىنى پات ـ پات بۇ ئايەتلەرنىڭ روھى بويىچە دەڭسەپ كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ''ئەڭ ياخشى بەش ئىش بار: زۆرۈر بولمىسا سۆزلىمىگىن، چۈنكى بۇنداق سۆز ئارتۇق سۆزدۇر، ساڭا گۇناھ يۈكلىشى مۇمكىن. لايىقىدا سۆزلىگىن، چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر سۆزلەشكە تېگىشلىك بولمىغان سورۇندا دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان گەپنى دەپ قويۇپ ئۆزىگە ئەيىب كەلتۈرۈۋالىدۇ، ياۋاش، نادان ئادەم بىلەن جىددىي مۇنازىرىلەشمىگىن، چۈنكى بۇ ياۋاش ئادەم بىلەن مۇنازىرە قىلساڭ سېنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ، نادان بولسا ساڭا ئازار بېرىدۇ، قېرىندىشىڭ يوق بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ سېنى قانداق يوسۇندا ئەسلەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلساڭ، سەنمۇ ئۇنى شۇنداق يوسۇندا ئەسلەپ تۇرغىن، ئۇنىڭ سېنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلغىنىڭغا ئوخشاش سەنمۇ ئۇنى ئەپۇ قىلغىن، ياخشى ئىشلارغا چوقۇم مۇكاپات بېرىلسە يامان ئىشلارنىڭ جازاسىنى تارتىمىز دەپ ئويلايدىغان كىشىنىڭ ئىشىنى قىلغىن''. زور كۆپچىلىك ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ''ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان پايدىسى بولمىغان ھەرقانداق گەپتىن تىلىنى ساقلىشى كېرەك. قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەرنى قىلماسلىق سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە

www.uyghurkitap.com

قىلىش دۇرۇس بولىدىغان سۆزلەرمۇ هارام ياكى مەكرۇهقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش شۇنداق ياخشىكى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيدۇ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**مۇئمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى قارغىمايدۇ، يامان سۆز قىلمايدۇ ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىمايدۇ**»(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەر ھەر ۋاقىت بىھۇدە، پايدىسىز ياكى زىيانلىق گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشتىن ياكى قۇلاق سېلىپ قېلىشتىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «**مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ(ياخشى كۆرۈدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا(ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا ئۇلار: ‹سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز› دەيدۇ(يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)**»{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 63 ـ ئايەت}؛ «**ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ(يەنى قۇلاق سالماي): ‹بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز›** **دەيدۇ**»{سۈرە«قەسەس»(28 ـ سۈرە)، 55 ـ ئايەت}.

تىل ـ دىلنىڭ ئەلچىسى ۋە ئەقلىنىڭ تەرجىمانىدۇر، تىلى ۋە دىلى بىردەك بولغان ئىنساننىڭ قىممىتى ۋە ئورنى يۈكسەك بولىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «سۆزۈڭنى كۈزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن، تىلىڭنى كۈزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن» دېسە، شەيخ سەئدى: «سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا چىنپۈتمىسەڭ، دېمە. چۈنكى، سۆز دېگەن ئىنسان ئۈچۈن كامالەتتۇر. ئاز سۆزلە، بىلمەي تۇرۇپ ۋالاقلىما» دەپ ئېيتىدۇ. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**تاڭ ئاتقان چاغدا ئادەم بالىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى تىلغا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ دەيدۇكى: ھەي تىل! بىز توغرىلىق ئاللاھ تائالادىن قورققىن، ھەقىقەتەن بىز سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن جازاغا تارتىلىمىز. ئەگەر سەن دۇرۇس بولساڭ، بىزمۇ دۇرۇس بولىمىز، ئەگەر سەن ئەگرى بولساڭ، بىزمۇ ئەگرى بولىمىز**»(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! نىجاتلىققا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**تىلىڭنى چىڭ تۇت، ئۆيۈڭنى ئازادە بىل، خاتالىقلىرىڭغا يىغلىغىن**» دېدى(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئادەم راستىنىمۇ ئاڭلايدۇ، يالغانىنىمۇ ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشى ئاڭلىغانىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىسە ياكى يوق ئىشلارنى بار دەپ ئېيتسا يالغان ئېيتقان بولىدۇ. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ، بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ بىر كۈندىشىم بار، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئېرىم ماڭا بەرمىگەن نەرسىلەرنى داملاتسام ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**بېرىلمىگەن نەرسىنى بەردى، دەپ داملاتقان كىشى يالغانچىلىقنىڭ ئىككى تونىنى كىيگۈچىگە ئوخشايدۇ**» دېدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**كۆز كۆرمىگەننى كۆردۈم دېيىش ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقتۇر**»(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**كىمكى كۆرمىگەن چۈشنى يالغاندىن كۆردۈم دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنىگە ئىككى تال ئارپىنى بىر-بىرىگە جۈپلەپ چىگىشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. ئۇ ئۇنى ھەرگىزمۇ چىگەلمەيدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ ئاڭلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ياكى ئۆزى قاچىدىغان خەلقنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قوغۇشۇن قويۇلىدۇ**»(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىسلەردە تىلنىڭ خەتىرى ۋە تىلنى يامانلىقتىن ساقلىمىسا، ئۇنىڭ كىشىنىڭ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا بېرىلمىگەن نەرسىنى بەردى، كۆرمىگەننى كۆردۈم دەپ يالغان سۆزلەيدىغان كىشىلەرگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلمان بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سېلىشى، ئۆزىنى بىھۇدە گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن تارتىشى، ھەربىر ئېغىز گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە راستچىل

بولۇشى ۋە راستچىللىقتا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. راست سۆز ئادەمنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدۇ، داۋاملىق راستچىل بولغان كىشى راستچىللىقى بىلەن كۆپلىگەن ياخشىلىقلارغا مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "راستچىللىق كىشىنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. ياخشىلىق كىشىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ. كىشى ھەقىقەتەن راست سۆزلەۋەرسە، بارا-بارا راستچىللار قاتارىغا ئۆتىدۇ. يالغانچىلىق كىشىنى گۇناھقا يېتەكلەيدۇ. گۇناھ كىشىنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىشى ھەقىقەتەن يالغان سۆزلەۋەرسە، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا 'كاززاپ'، دەپ يېزىلىدۇ" (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1**. كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەۋەرمەسلىكىنىڭ لازىملىقى، پايدىسىز سۆزلەردىن تىلنى يىغىشنىڭ ئىمانى كامىللىق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى؛

**2**. خەۋەرلەرنى ئېنىقلاش ۋە ئاڭلىغان سۆزنىڭ ھەممىسگە ئىشىنىۋەرمەسلىكىنىڭ لازىملىقى؛

**3**. كىشىگە ئەزىيەت يەتكۈزمىگەن كىشىنىڭ ئەڭ ياخشى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىغانلىقى؛

**4**. تىلنى ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سېلىشتىن ساقلاش ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى، تىلى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاشنىڭ جەننەتكە كىرىش ۋە دوزاختىن نىجات تېپىش يولى ئىكەنلىكى؛

**5**. ياخشى سۆزلەرنى قىلغۇچىلارنىڭ جەننەتتىكى مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقى؛

**6**. تىلنىڭ خەتىرى ۋە تىلنى يامانلىقتىن ساقلىمىسا، ئۇنىڭ كىشىنىڭ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى؛

**7**. پايدىسىز گەپلەرنى كۆپ قىلىشنىڭ قەلبنىڭ قاساۋەتلىشىپ كېتىشىگە، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولۇشقا سەۋەب بولىدىغانلىقى؛

**8**. قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى، ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش كۆزدە تۇتۇلسىلا، ئاندىن پايدىسى بولىدىغانلىقى؛

**9**. كىشىنىڭ يوق ئىشلارنى بار دەپ ئېيتىشى ئۇنى يالغانچىلاردىن قىلىپ قويىدىغانلىقى. كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دەپ يالغان سۆزلىگەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە كىشىلەرگە يالغان ئېيتقان بولىدىغانلىقى؛

**10**. تىل-ئاھانەت، تەنە-مالامەت ۋە قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلىشتىن يىراق بولۇشنىڭ لازىملىقى ھەمدە يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئىماننىڭ كەمتۈكلۈكىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى؛

**11**. راستچىل بولۇش ۋە راستچىللىقتا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ لازىملىقى، داۋاملىق راستچىل بولغان كىشىنىڭ راستچىللىقى بىلەن تونۇلىدىغانلىقى؛

**12**. يالغانچىلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى.

(ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

---

(بېشى **41**-بەتتە) قىلىشتىن ھايا قىلغان. مانا بۇ ئەخلاق، مانا بۇ ھەقىقىي ھايا. ھازىر جەمئىيەتتە بىر قىسىم ياشلار چوڭلار بىلەن يول تالىشىدۇ، ئاپتوبۇسلاردا چوڭلارغا ئورۇن بوشاتمايدۇ، يەنە بىر قىسىم ياشلار باركى، باشقىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسى، ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشقان ئۇستازلىرىنىمۇ كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇيالماستىن بىلەرمەنلىك قىلىپ، ئېغىز غېرىچلاپ، گەپ تالىشىدۇ. ئۇلاردىكى ئىسلام دىنىنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، چوڭلاردىن ھايا قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقى نەگە كەتتى. بىز بۇ خىل ھاياسىزلىق، ئۇياتسىزلىقتىن يىراق تۇرۇشىمىز، ھەممىمىز ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ ھەممىمىزگە ھەقىقى ئىمان، ساغلام ئەقىدە ئاتا قىلىپ، ھەممىمىزنى ئاللاھقا ئىتائەتچان، ئاتا-ئانىلارغا ۋاپادار، جەمئىيەتتە سەممىي ساداقەتمەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھايالىق مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن. ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇدەررىسى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)




ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرى دىنىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، تۆۋەندە شۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## ئېتىقاد

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن باشلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادىنى پاكلاش ۋە ئۇلارنى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەن. بۇتپەرەسلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالغان بۇتلىرىنى ئىبادەتكە ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغىچە سۆرەپ ئەكىرگەن. بۇ سەۋەبتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ كەلىمە تەۋھىد ۋە كەلىمە شاھادەت كەلتۈرۈش ئارقىلىق شېرىكتىن يىراقلىشىشىنى، پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ تائالاغىلا تېۋىنىشنى جاكارلىغان. پالچىلىق، سېھىرگەرلىكنى، ئاللاھتىن غەيرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى، بەزى نەرسىلەرنى ”شۇملۇقنىڭ بېشارىتى“ دەپ قاراشنى، بۇتلار نامىدىن قەسەم ئىچىشنى ۋە تەقدىر ھەققىدە دەتالاش قىلىشنى چەكلىگەن.[1]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئىشىنىشكە ۋە ئاللاھدىن باشقا غەيرىدىن ياردەم تەلەپ قىلماسلىققا چاقىرغان.[2] مەدىنەگە ھىجرەت سەپىرىدە، ئىز قوغلاپ سەۋر غارىغا كەلگەن مۇشرىكلاردىن ئەندىشە قىلىۋاتقان ئەبۇ بەكرىگە: ”غەم قىلما! ئاللاھ بىز بىلەن بىللە“[3] دەپ ئاللاھقا ئىشىنىشنى ئەسلەتكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىمانلىق

رەھمەت پەيغەمبىرى

---

[1] سۈرە بەقەرە،102/2؛ سۈرە مائىدە،3/5؛ سۈرە ئەئراف،131/7؛ سۈرە نەمل،47/27؛ مۇسلىم، ئەزاھىي 45، ئەيمەن 2،1؛ تىرمىزى، قەدەر1.

[2] سۈرە فاتىھە،4/1.

[3] سۈرە تەۋبە،40/9.

كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا يېقىن تۇرۇشى كېرەكلىكىنى، خۇددى ھەدىس قۇددۇسىدا ئېيتىلغاندەك: ''ئەگەر بەندە ئاللاھقا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىدىغانلىقىنى، بەندە ئاللاھقا بىر گەز يېقىنلاشسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىدىغانلىقىنى، بەندە ئاللاھ تەرەپكە مېڭىپ بارسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى''[4] بايان قىلىنغان. غايىب ھەققىدە كاھىنلار ۋە پال ئۇقلىرى ئارقىلىق كەلگۈسى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىشتىن توسقان. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ غايىبنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ پەقەت ئاللاھ بىلدۈرگەن غايىبنىلا بىلەلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئېتىقاد ھەققىدە بىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنساننى كۇفۇرغا چىقىرىۋەتمەسلىكىنى: ''كىمكى بىر كىشىنى كۇففار ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەپ چاقىرسا، ۋەھالەنكى چاقىرىلغۇچى ئۇنداق بولمىسا، دېگۈچىنىڭ سۆزى ئۆزىگە يېنىپ قالىدۇ''[5] دېگەن سۆزلىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

## ئىبادەت

ئىسلامىيەت ئېتىقاد بىلەن ئىبادەتكە تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن بىر دىن. ئاللاھ تائالا: ''جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم''[6] دېيىش ئارقىلىق، ئىبادەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەھمىيىتىگە ئىشارەت قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ''شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تۇرۇقۇڭلارغا ۋە تاشقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ''[7] دەپ ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئاللاھقا ئىشەنگەن ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بايان قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتتىكى ئىبادەتتە، تۆۋەندىكىدەك ئىككى مۇھىم نۇقتا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، جامائەت. جامائەت نامىزى ۋە باشقا كوللېكتىپ شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتلەر، جامائەتنىڭ ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە چىن ئىشتىياق بىلەن ئىبادەت قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئىبادەتتىكى ئىككىنچى مۇھىم نۇقتا، ئىزچىللىق. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ''ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ قوبۇل بولىدىغىنى، ئاز بولسىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ بېرىلگىنىدۇر''[8] دەپ ئىزچىللىقنىڭ مۇھىملىقىنى تىلغا ئالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىبادەتتە، بولۇپمۇ نەفلە ئىبادەتلەردە ئىنسانلارنىڭ ئۆيلىرىنى قەبرىگە ئوخشىتىپ قويماسلىقنى،[9] ئىبادەتلەرنى لايىق شەكىلدە قىلىشنى، ئۆلچەملىك بولۇشنى، دىنىدىكى قولايلىقلاردىن پايدىلىنىشنى، ئىبادەتلەرنى پەقەت مەلۇم ۋاقىتقىلا باغلاپ قويماسلىقنى، نەفلە ئىبادەتلەرنى كېچە ـ كۈندۈز ۋە يىلنىڭ ھەرقانداق بىر ۋاقىتلىرىدا قىلىشنى، ئىبادەتلەردە ئايرىمچىلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ تۇرمۇشىدا ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پايدىلىق تەرەپلىرى بار بولۇپ، ئىبادەت شەخسنى ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇكەممەللەشتۈرسە، كوللېكتىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى بىرلىك ـ باراۋەرلىكنى، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەكتە بولۇشنى، ھەمكارلىقنى ۋە پىداكارلىقنى كۈچەيتىدۇ.

## ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپ

مائارىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن تۇنجى ۋەھىيسى ''ئوقۇ'' بىلەن باشلانغان.[10] ''بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار''[11]، ''ئېيتقىنكى، 'بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ' ''[12] دېگەن ئايەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىمگە، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە

[4] بۇخارى، تەۋھىد، 50؛ تەۋبە 1؛ مۇسلىم، زىكىر 2،3.
[5] مۇسلىم، ئىمان، 111؛ ئىبنى ھەنبەل 23،60،142/2.
[6] سۈرە زارىيات، 56/51.
[7] مۇسلىم، بىر، 33، 34؛ ئىبنى ھەنبەل 258/2.
[8] بۇخارى، تەھەججۇت، 7.
[9] بۇخارى، سالاتۇل ـ مۇسافىرىين، 208،209؛ ئىبنى ھەنبەل، 284/2.
[10] سۈرە ئەلەق، 1/96.
[11] سۈرە نەھل، 43/16.
[12] سۈرە زۇمەر، 9/39.

مائارىپقا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مائارىپ قۇرئان ۋە سۈننەت ئۆگىنىشتىن باشلانغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: "سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە قۇرئان ئۆگەتكەن ئادەملەردۇر"[13]، "سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدۇر. يولنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر"[14] دېگەن تەلىماتىغا ئاساسەن، ساھابىلەر ۋەھيى كاتىپلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە بۇ دەۋردە قەلەمگە ئېلىنغان ھەدىس شەرىفلەرنى يادلاپ ماڭغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە قۇرئان ۋە سۈننەت بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلمىگەن. بىرى يەنە بىرىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى دەپ قارالغان. قۇرئان كەرىم ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغان، ئەمما ناماز ۋاقىتلىرى ۋە شەكلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىلگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مائارىپ ۋە ئىلمىي ئىشلاردا ئەر-ئاياللارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش، يېزىق ۋە ساۋات چىقىرىش ئىشلىرىغا تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن. شىفا بىنتى ئابدۇللا ئىسىملىك ئايالنى ئاياللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا تەيىنلىگەن. ھەتتا بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن ساۋاتى بار مۇشرىكلەرنى قويۇۋېتىشتە، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئون مۇسۇلمان بالىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويۇشىنى شەرت قىلغان.[15] ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئەبۇ دەرداء، ئۇممى ۋەرەقە، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس، ئەبۇ ھۇرەيرە قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەر قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مائارىپ ئىشلىرىدا ھەرقانداق ئورۇن ۋە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ دەۋردە مەسچىتلەر مەدرىس شەكلىنى ئالغان. ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى مەخسۇس جايلار ياكى ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز دەۋرىدە مۇسۇلمانلاردىن ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئەر-ئايال، قېرى-ياش دەپ ئايرىماستىن ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە چېتىلىدىغان بارلىق ئىلىم بىلەن ئورتاق شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىم ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ساھەلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان. ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ پەزىلەت ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقتىن يىراق تۇرۇشىنى، ئىلىمنى يوشۇرماسلىقىنى تىلغا ئالغان. قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشماسلىقنى بۇيرۇغان.[16] قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ۋە ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بەجا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

## جاھىلىيەت ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن قول ئۈزۈش

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن يەنە بىرى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى خاتا ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈش. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىي پرىنسىپلار ئارقىلىق جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەقىدە، ئىبادەت قاراشلىرىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىي پرىنسىپلار ئىگىلىگەن. ئەلۋەتتە، جاھىلىيەت دەۋرىدە مەۋجۇت بولغان، ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھىيگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۆئمىن كىشى ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاقتا ئىسلام پرىنسىپىغا ئۇيغۇن ياشايدىغان كىشىدۇر. بۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي نۇقتىدىن باتىل دەپ قارالغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشقان. ئىنسانلارنى ئەقىدە ۋە ئىبادەتتە مۇشرىكلىكتىن يىراقلىشىپ ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى ۋە ئىسلامىي ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشنى پرىنسىپلاشتۇرغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قان تۆكۈش، ئوغرىلىق قىلىش، زىنا قىلىش، يەنى ئىنسانلارنىڭ مال-مۈلكى، ھاياتى، يۈز-ئابرۇيى بىخەتەرلىكىگە دەخلى

[13] بۇخارى، فەزائىلۇل-قۇرئان، 21؛ ئەبۇ داۋۇد، ۋىتر، 4.

[14] مۇسلىم، جۇمئە 43؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈننەت5.

[15] كەتتانىي، 131،1؛ ئىبنى ھەنبەل، 247/1.

[16] مۇسلىم، ئىلىم،2؛ ئىبنى ھەنبەل، 401/1-421.

يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، تۆھمەت چاپلاش، غەيۋەت قىلىش، جازانىخورلۇق، پارىخورلۇق ۋە سودىدا مونوپوللۇقنى مەنئى قىلغان. ئەزد قەبىلىسىنىڭ زاكات ماللىرىنى يىغقان ئىبنى لۇتبىيە بۇ قەبىلە ئۇنىڭغا بەرگەن زاكات ماللىرىدىن بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئايرىۋالغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى خوپ كۆرمىگەن، يەنى "ئاتا-ئانىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان بولساڭلار، بۇ ماللار سىلەرگە بېرىلەرمىدى؟" دەپ ماللارنى قايتۇرۇۋالغان.[17] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سودىدا مونوپوللۇققا لەنەت ئوقۇغان. سودىدا ئالدامچىلىقنى ۋە سودىگەرلەرنىڭ، ساتقۇچىلارنىڭ يولغا چىقىۋېلىپ سودا قىلىشىنى چەكلىگەن. بۇ دەۋردە ئائىلە ئىشلىرىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەردە بولۇش، گۇمانخورلۇق، مەسخىرە قىلىش، تارازا-ئۆلچەمدە ئادىل بولماسلىق، زۇلۇم قىلىش، يامانلىققا يول قويۇش، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، پىتنە-پاسات تارقىتىش، سۆز-ھەرىكىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنى بىئارام قىلىش، ئاداۋەت ساقلاش، ئىنتىقام ئېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر جاھىلىيەتنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇلارنى قەتئىي يوسۇندا مەنئى قىلغان.

### ياردەملىشىش

ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. مەككە ۋە مەدىنە دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولاتتى. مەدىنەلىك مۇسۇلمانلار مۇھاجىرلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ھاجەتلىرىدىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە چىقاتتى. شۇڭا ئۇلار "ئەنسارى-ياردەمچىلەر" دېگەن نامغا ئېرىشكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پېقىر-مىسكىن، يوقسۇل ۋە يېتىملەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە ھېسابلىغان، يەنى: "ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولسا، ئۇنىڭدىن قەرزىمنى تۆلەشكە

ئېلىپ قالغىنىمدىن باشقا بىر دىنارىنىمۇ يېنىمدا قالدۇرۇش مېنى خۇشال قىلالمايدۇ"[18] دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە: "سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى مۇسۇلمان قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە، كامىل مۇئمىن بولالمايدۇ"[19] دېيىش ئارقىلىق ھەمكارلىشىشنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سېخىيلىق قىلىشنى، بېخىللىقتىن يىراق تۇرۇشنى، يېتىمنىڭ مېلىنى قوغداشنى، ياردەمنى ھالال رىزىقتىن قىلىشنى، ياردەمنى دەسلەپ ئۆز يېقىنلىرىدىن باشلاشنى ئۇقتۇرغان ھەمدە بۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن.

### قەبىلىۋازلىقتىن يىراق تۇرۇش

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەرلىكنىڭ تۇنجى كۈنلىرىدىن باشلاپ جاھىلىيەت دەۋرىدە ساقلىنىپ قالغان قەبىلىۋازلىقنىڭ ئورنىغا "دىنىي قېرىنداشلىق"نى دەسسەتكەن. تىلى ۋە دىنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر "بىللە ياشاش" ئۆلچىمىنى يولغا قويغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەلق ئارىسىدىكى قەبىلىۋازلىقنى چەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كىشىلەر ئارىسىدىكى يۇرتۋازلىققا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان. ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭ مۇناسىۋەتنى ساقلىغان. باشتىن باشلاپلا بۇ ئىككى گۇرۇھ ئارىسىدىكى قەبىلىۋازلىقنىڭ ئورنىغا دىنىي قېرىنداشلىقنى دەسسىتىشكە تىرىشقان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەلق ئارىسىدىكى قەبىلىۋازلىقنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قەبىلىلەرگە تەيىنلەنمەكچى بولغان ئەمەلدارلارنىمۇ ئوخشىمىغان جەمەتلەردىن تاللىغان. مەسىلەن: نەجران قەبىلىسىگە ئۇمارە ئىبنى ھەزم ئەلئەنسارىنى، سەنئا رايونىنىڭ زاكات يىغقۇچىلىقىغا مۇھاجىر ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئەل مەخزۇمىينى تەيىنلىگەن. مەككە ۋالىيلىقىغا

[17] مۇسلىم، ئىمارەت، 26.

[18] بۇخارى، رىقاق، 14؛ مۇسلىم، زاكات، 31.

[19] بۇخارى، ئىمان، 7؛ مۇسلىم، ئىمان، 7؛ تىرمىزى، قىيامە، 59.

www.uyghurkitab.com

ئۇزۇندىن باشلاپ بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان ئەتتاب ئىبنى ئەسىدنى تەيىنلىگەن. ھەتتا كەبىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىك خىزمىتىنى بۇرۇنمۇ بۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تەلھە ئىبنى تەلھە ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھەگە، سىقايە خىزمىتىنى بولسا ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىگە بەرگەن.[20]

## ئىقتىساد

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ تۇنجى يىللىرىدا، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى جانلانغان مەككە شەھىرىدە ياشايتتى. قۇرەيشلەر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ياز، قىش پەسلىدە ئىككى قېتىم سۇرىيە ۋە يەمەنگە باراتتى. كەئبە مەككەدە بولغاچقا مەككەگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئۇكاز، مەجەننە ۋە زۇلمەجاز قاتارلىق بازار ـ يەرمەنكىلەرگە كېلەتتى. مانا بۇلار مەككە رايونىدىكى سودا ـ سېتىقنى جانلاندۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

## مەدىنە شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنەگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن مەدىنەدە بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. مەدىنەدىكى خەلق ئاساسلىقى دېھقانچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مەدىنە شەھىرىگە كەلگەن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ئىبنى ئەففان، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام قاتارلىق كىشىلەر بۇ يەردە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بۇ جاينىڭ سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان.

مەدىنە بازارلىرىدا بۇغداي، زەيتۇن يېغى، تېرە، كىيىم ـ كېچەك، رەخت، جەڭ قوراللىرى، ئات، تۆگە، قوي، كالا قاتارلىقلار ۋە تېببىي دورا سېتىلاتتى.[21] بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بىر قىسمى ھىجاز ۋە يېقىن ئەتراپتىكى رايونلاردا ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. يەنە بىر قىسمى قوشنا ئەللەردىن كىرگۈزۈلەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋردە دىنار(ئالتۇن تەڭگە) ۋە دىرھەم(كۈمۈش تەڭگە) قاتارلىق پۇللار ئىشلىتىلەتتى. بۇ پۇللار ۋىزانتىيە بىلەن ئىرانغا تەۋە بولۇپ پۇل ئۈستىگە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ۋە ئىران خىسرەۋنىڭ رەسىملىرى ئويۇلغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ پۇللارنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇرۇن ئىشلىتىلگەن تارازا ـ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىمۇ ھېچقانداق ئۆزگەرتمەي ئىشلەتكەن.[22]

مۇسۇلمانلار مەدىنەگە بارغان دەسلەپكى يىللاردا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ قىيىنچىلىقنى ئەنسارى قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يەڭگەن. كېيىنكى كۈنلەردە، مۇھاجىرلەر تىرىشىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار پېقىرلەرگە زاكات بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەپ تۇرغان.

مەدىنە شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي يېزا ئىگىلىكىگە تايىناتتى. خورما، ئۈزۈم، ئارپا، بۇغداي ئاساسلىق مەھسۇلات ھېسابلىناتتى.

مۇھاجىرلار مەدىنەگە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەنسارىلارنىڭ يەرلىرىدە ئىشلەمچىلىك قىلىش، بازاردا سودا ـ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام "كىمنىڭ يېرى بولسا تېرىسۇن، ئۆزى تېرىمىسا ئۇنى دىن قېرىندىشىغا تېرىتقۇزسۇن"[23] دەپ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوش قويغۇزمىغان. ساھابىلەرمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان. مەسىلەن: ھەزرىتى ئەلىمۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بىر قىسىم ساھابىلەر تېرىلغۇ يەرلىرىدىن شېرىكچىلىك شەكلىدە پايدىلانغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۆلەتنىڭ بوز يەرلىرىنى ئاچقۇزۇپ، يەرلەرنى تېرىقچىلىق قىلغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. بىر قىسىم يەرلەرنى ساھابىلەرنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن بەرگەن.

---

[20] كەتتانىي، 1، 147، 148، 194، 197.

[21] كەتتانىي، 2/270.

[22] كەتتانىي، 2/186،173.

[23] مۇسلىم، بۇيۇۋ88.

## سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلەر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنەدە ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇپ، سودا قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەسلىدە بار بولغان بازار يېرىگە يېڭىدىن يەر قوشۇپ بازارنىڭ ئورنىنى كېڭەيتكەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە "راستچىل ۋە ئىشەنچلىك سودىگەر پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلەر بىلەن باراۋەردۇر"[24] دېيىش ئارقىلىق، ئۇلارنى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلغان. ئاياللارنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توسمىغان. مەسىلەن: كەيلا ئەل ـ ئەنمارىييە، ئەسما بىنتى مۇھارىبە مۇلەيكە شۇ دەۋردىكى ئايال تىجارەتچىلەردىن ئىدى. مىقدام ئىبنى مەئدىيكەرىبنىڭ جارىيەسى سۈت ساتاتتى، مىقدام ساتقان سۈتنىڭ پۇلىنى يىغاتتى.[25]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پايدىنىڭ ئوندا توققۇزىنىڭ سودا ـ تىجارەتتە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. سودا ـ تىجارەتنى ئەتىگەندە باشلاشنى تەۋسىيە قىلغان. جۈمە نامىزى ۋاقتىدا سودا قىلىشنى چەكلىگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە "كىمكى بىر ئۆي ئېلىپ ياكى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىشقا خەجلىمىسە ئۇ كىشى بۇ پۇللىرىنىڭ بەرىكىتىنى كۆرۈشكە لايىق بولالمايدۇ"[26] دېيىش ئارقىلىق، نەق پۇلنى مەبلەغ سېلىپ ئىشلىتىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاپاۋەتنىڭ ھالالدىن بولۇشىنى تەۋسىيە قىلغان. ھارام نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىشنى، تىجارەتتە ئالدامچىلىق قىلىشنى مەنئى قىلغان. بازاردا ئۈستىگە قۇرۇق، ئاستىغا ھۆل بۇغداي قاچىلانغان تاغارنى كۆرگەندە، خېرىدارلارنى ئالدىغانلارنىڭ، مۇسۇلمانلار قاتارىدىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقان.[27] پەيغەمبىرىمىز سودا ـ سېتىقتا قەسەم ئىچمەسلىككە، ۋە نېسى سودىدا گۇۋاھچىلارنىڭ شاھىدلىقى بىلەن ھۆججەت پۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇغان. سودىدا ئىككى تەرەپ پۈتۈشۈپ بولۇپ پۈتۈشكەن جايدىن ئايرىلمىغان شارائىتتا، بۇ سودىدىن يېنىۋالسا بولىدىغانلىقىنى،[28] ئۆز مېلىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى يوق كىشىلەرگە پۇل ـ مېلىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ مېلىغا تاجاۋۇز قىلماسلىققا بۇيرۇغان. ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق تاپقان پۇلدىن باشقا پارا، جازانىخورلۇق ۋە قاراڭغۇ بازارچىلىق يولى ئارقىلىق دۇنياغا ئېرىشىشتىن قاتتىق مەنئى قىلغان.

ئىسلام دىنىدا يېتىمنىڭ مېلىغا چېقىلماسلىققا ئەمر قىلىنغان. مىراس ئىشلىرىدا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپتىن دىندا بېكىتىلگەن بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان.[29]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ راستچىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن دىنىي ئىشلارنى بىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان، شېرىن سۆزلۈك، ئوچۇق يۈزلۈك، پاك ـ دىيانەتلىك ۋە ئەل ئارىسىدا نوپۇزى بار كىشىلەرنى مۇھتەسىبلىك (بازار باشقۇرۇش) ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن، ھەمدە ئۇلاردىن بازاردا يۈز بەرگەن ھەر خىل قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان.

شېرىكچىلىك شەكلىدىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا بىر شېرىكنىڭ يەنە بىر شېرىكنىڭ خەۋىرىسىز مال ساتسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.[30] سودا ـ سېتىق ۋە يەر ـ زېمىن سودىسىدا غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن شېرىكچىلىك قىلسا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.[31]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەلق ئارىسىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ھۈنەر ـ كەسىپكە ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بېدىكلىك، تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك،

---

[24] تىرمىزى، بۇيۇئ 4.
[25] كەتتانىي، 2/270 ـ 271 ـ 298.
[26] ئىبنى ماجە، رۇھن 24.
[27] مۇسلىم، ئىمان 99؛ ئەبۇ داۋۇد. بۇيۇئ 1.
[28] بۇخارى، بۇيۇئ 19.
[29] سۈرە نىسا، 4/176، 12، 11.
[30] مۇسلىم، مۇساقات 133؛ تىرمىزى، بۇيۇئ 69.
[31] مۇسلىم، مۇساقات 6، 4، 2.

ياغاچچىلىق، تامچىلىق، قاسساپلىق، تېرەچىلىكتىن باشلاپ ساتىراشلىق، تۇغۇت ئانىسى بولۇش، ھەمشىرىلىك، تېۋىپلىق، سۈننەتچىلىك ۋە ناۋايلىققىچە[32] بولغان نۇرغۇن كەسىپلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ، ئەمەلىي خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلغان. جاھىلىيەت دەۋرىدە ساقلىنىپ قالغان ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ بىرىنىمۇ چەكلىمىگەن. پەقەت كىشىلەرنى ھەرقانداق ئىش قىلىشتا ساختىلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.[33]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئاياللارنىڭ بازارلاردا سودا ـ تىجارەت ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەنمىگەن. مەسىلەن: بۇ دەۋردە ئايالار رەخت توقۇيتتى، كىيىم تىكەتتى، سۈت مەھسۇلاتلىرىدىن يېمەك ـ ئىچمەك تەييارلايتتى. بۇنىڭدىن باشقا تېرە ئاشلاپ، باغ ـ ۋاران ئىشلىرىنى قىلىش، تۇغۇت ئانىسى بولۇش، ھەمشىرىلىك، تېۋىپلىق قاتارلىق ھۈنەر ـ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلغان، شۇنداقلا جەمئىيەت ۋە ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىغا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقان.

بۇ دەۋردە بالىلاردىن ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەپ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئىقتىسادىغا ھەسسە قوشۇش تەلەپ قىلىنغان. مەسىلەن: ھەزرىتى ئۆمەرگە بىرەر بالا ئۇچرىغاندا بالىدىن ئۇنىڭ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى سورايتتى، ئەگەر بالىدىن "ھۈنىرىم يوق" دېگەن جاۋابنى ئاڭلىسا ئۇ بالىنىڭ ئۆز نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇ ئەھۋالدىن خوش بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.[34]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى نازىل بولۇۋاتقان ئايەتلەر ۋە شۇ دەۋرنىڭ شارائىتىغا قاراپ ھەل قىلغان. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئىسراپخورلۇق ۋە بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىشىنى، يېتىم، يوقسۇل، مۇساپىر ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا ياردەملىشىشىنى، مال ـ مۈلكى بار ھەرقانداق كىشىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان.

## ئۆيلەر

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئۆيلەر مېمارچىلىقىنىڭ ھەر خىل ئۇسلۇبىدا سېلىناتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنەگە كەلگەندىن كېيىن بىنا قىلىنغان ئۆيلەرگە يۇقىرىقى ئۇسلۇب ئۆرنەك قىلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئۈچۈن بىنا قىلغان مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ھۇجرىلىرى تۆت چاسا شەكىللىك، سېغىز توپىدىن قوپۇرۇلغان ئادەتتىكى ئۆيلەر ئىدى.

كەتتانىي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر ئۆيىدە ھاجەتخانا، ئاشلىق ئامبىرى، ئاشخانا ۋە كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سېلىنغان ئايرىم خانە، ئارام ئېلىش ئۆيى قاتارلىق ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيلەرنىڭ بارلىقىنى نەقىل قىلغان.[35] بۇ دەۋردە شەھەردىكى ئۆيلەر ئىككى ياكى ئۈچ ئېغىزلىق قىلىپ سېلىناتتى. ئۆينىڭ ئۇستى خورما شاخلىرى بىلەن يېپىلاتتى. ئىشىك ـ دېرىزىلەر ياغاچ ۋە بۆزدىن ياسىلاتتى. كىشىلەر ھويلىسىغا كولانغان قۇدۇقتىن ياكى مەھەللىدىكى ئورتاق قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ ئىچەتتى.

يېزا ـ قىشلاقلاردا تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار ئاساسەن چېدىر ئۆيلەردە تۇراتتى. چېدىر ئۆيلەر ئاساسەن راۋاق، ئەر ـ ئاياللار ۋە بالىلار كىرىش ئېغىزىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشىكتىن تەركىب تاپقان. چېدىر ئىچىگە سۇ كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەتراپىغا ئېرىق ئېلىنغانىدى.[36]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆي سالغاندا ئۆيلەرنى ئالاھىدە ھەشەمەتلىك سالماسلىقنى، رەتلىك، كۆركەم سېلىشنى، يولنى تارلاشتۇرۇۋەتمەسلىكنى[37] ۋە ئۆتۈشۈش ئېغىزلىرىنى توسۇۋالماسلىقنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۆينى پاكىز تۇتۇشنى تاپىلىغان.[38]

---

[32] كەتتانىي، 2/325، 256 ـ 330، 332، 333، 339.

[33] ئەبۇ داۋۇد، دىيەت 23.

[34] كەتتانىي، 2/256.

[35] كاتتانىي، 2/303.

[36] نەبى بوزكۇرت، *"ئەسرى سائادەتتە ئۆيلەر ۋە ئائىلە ھاياتى"*، ئەسرى سائادەتتە ئىسلام، 5/30 ـ 42.

[37] بۇخارى، مەزالىم 29؛ مۇسلىم، مۇساقات143.

[38] ئەبۇ داۋۇد، جىھاد 97. كەتتانىي، 2/41.

بۇ دەۋردە ئۆيلەر چىراغ نۇرى بىلەن يورۇتۇلۇپ، ئۆيگە بورا ۋە چىغدىن سېلىنچا سېلىناتتى. سۇپىغا تېرىدىن تىكىلگەن ياستۇقلار قويۇلۇپ كۆرپە سېلىناتتى. ئۆيدە تۆمۈر، شىشە، تېرە، توپا ۋە ياغاچتىن ياسالغان ھېجىر، خۇمرا، لېگەن، تورسۇق، سۇ تۇلۇمى، تېرىدىن ياسالغان خالتا، ياغاچ كۈپ، داستىخان، تاۋا ۋە قازان ـ قومۇش قاتارلىقلار ئىشلىتىلەتتى.[39]

## نىكاھ ۋە ئائىلە

جەمئىيەتتە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشىدا نىكاھ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىدە قوللىنىلغان نىكاھلىنىش ئادەتلىرىدىن چاي ئىچكۈزۈش ئارقىلىق ئۆيلىنىشنى قوللانغان. بۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان نىكاھ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا كۆرۈشۈشى، ئۆزئارا قوشۇلۇشى ئارقىلىق روياپقا چىقىدىغان نىكاھلىنىش ئۇسۇلىدۇر. ئىسلام دىنىدا يىگىتنىڭ رازىلىقى ئېلىنغىنىدەك، قىزنىڭمۇ رازىلىقى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن نىكاھلىنىدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمەنى ئۆيلىگەندە، دەسلەپ قىزىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن نىكاھلاندۇرغان.[40]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە نازىل بولۇۋاتقان ئايەتلەر ۋە بۇ ئايەتلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئارقىلىق ئەر ـ ئاياللارنىڭ تۆۋەندىكى كىشىلەر بىلەن نىكاھلىنىشى چەكلەنگەن: ئانىسى، قىزى، قىز قېرىندىشى، قىز ۋە ئەركەك قېرىندىشىنىڭ قىزلىرى، ئىنىكئانىسى، ئېمىلداش تۇغقىنى، قېيىنئانىسى، ئۆگەي قىزلىرى، ئۆز ئوغلىنىڭ ئايالى قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى قېرىنداش ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىغا ئېلىش، ئانىسىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ بىر تۇغقانلىرى بىلەن ۋە مۇشرىك ئايال بىلەن نىكاھلىنىشمۇ چەكلەنگەن. مۇسۇلمان ئايالنىڭ پەقەت مۇسۇلمان ئەر بىلەنلا ئۆيلىنىشى بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقىدەك ھۆكۈملەر ئارقىلىق مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى ۋە ئەركىنلىكى قوغدالغان.[41]

ئىسلامىيەتتە، دادىنىڭ ئۆز قىزىغا لايىق يىگىت ئىزدىشى ئەجەبلىنەرلىك ھېسابلانمايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇل قالغان قىزى ھەپسەنى ئەبۇ بەكرى ۋە ئوسمانغا سايە قىلغان. ئەمما ئۇلار بۇنى رەت قىلغان. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەپسەنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ ئۆمەرنى خۇشال قىلغان.[42]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىز تاللاشتا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، نەسەبى، چىرايى ۋە دىنىغا قاراڭلار دەپ كۆرسەتكەن ۋە دىندارلىقنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان.[43] مەھرى (تويلۇق) بەرمەي ئۆيلىنىشنى، تويلۇقتا مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىۋېلىشنى،[44] باشقىلارنىڭ سۆز ئاچقان لايىقىغا سۆز ئېچىشنى[45] توسقان. تويدا مېھمانلارغا زىياپەت بېرىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.[46]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنمەكچى بولغان ھەر ئىككى تەرەپ ھەممە جەھەتتىن تەڭ، باراۋەر بولۇشى، بويتاقلارنى ئۆيلەندۈرۈپ قويۇشى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى گۈزەل ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشنى، بالىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان.[47] ئائىلىنى ساغلام، مۇستەھكەم تۈۋرۈك ئۈستىگە قۇرۇشنى، ئىپادىلەپ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش (نىكاھى مۇتئە)نى كەسكىن مەنئى قىلغان.[48]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس قورغاننىڭ مەڭگۈلۈك داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئەرنىڭ يات ئايال بىلەن، ئايالنىڭ يات ئەر بىلەن

[39] كاتتانى، 1/188؛ نەبى بوزكۇرت، "ئەسرى سائادەتتە ئۆيلەر ۋە ئائىلە ھاياتى"، ئەسرى سائادەتتە ئىسلام، 5/34 ـ 57.

[40] نەسائىي، نىكاھ 7؛ ئىبنۇ جەۋزىي، مۇنتەزەم، 3/85.

[41] سۈرە بەقەرە، 2/221؛ سۈرە نىسا، 4/23؛ سۈرە نەھل، 16/72؛ مۇسلىم، نىكاھ 39 ـ 40.

[42] ئىبنى سەئەد، 8/81 ـ 82.

[43] نەسەئىي، نىكاھ 13.

[44] سۈرە نىسا 4/20.

[45] بۇخارى، نىكاھ 45؛ مۇسلىم، نىكاھ 38، 75.

[46] بۇخارى، نىكاھ 55؛ مۇسلىم، نىكاھ 89، 90 ـ 91.

[47] سۈرە بەقەرە، 2/233؛ سۈرە نىسا 4/34؛ بۇخارى لىباس 106؛ مۇسلىم، لىباس 127؛ ئەبۇ داۋۇد، نىكاھ 34.

[48] بۇخارى، ھەج 34، مەغازىي 38؛ مۇسلىم، نىكاھ 11، 13، 16، 18، 19.

يالغۇز بىر يەردە قالماسلىقنى، نىكاھلانغان ئەر ياكى ئايالنىڭ ئۆيلەنمىگەن ياكى بويتاق ئەر - ئاياللار بىلەن بولغان ئالاھىدە ئالاقىدە دىققەت قىلىشنى، باشقىلاردا يامان تەسىر ياكى گۇمان پەيدا قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى تارتىشنى، ئەر ياكى ئايالنىڭ رۇخسەتسىز ئۆز ئۆيىدىن باشقا ئۆيلەرگە كىرىپ چىقماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان.[49] ئائىلىدە يۈز بېرىدىغان ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بولىدىغانلىقىنى،[50] ئاجرىشىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.[51]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە باشقىلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىشلارغا، ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە ئارىلاشماسلىقنى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈپ، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىشنى تەۋسىيە قىلغان.[52] ئەلۋەتتە بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ.

## كۆڭۈل ئېچىش

ئىسلامىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رېئال ئىجتىمائىي مۇھىتنى نەزەرگە ئالغان. يوللۇق شەكىلدىكى ھەر خىل ئويۇنلار ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا رۇخسەت قىلغان.[53] نۆۋەتتە كەلگەندە يەنە كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى تەرغىب قىلغان. كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتتىق چەكلىمە قويمىغان. توي بولغان كېچىدە داپ چېلىش، ناخشا ئېيتىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغان.[54] خۇشاللىق كۈن ياكى مۇراسىم كۈنلىرىدە كىشىلەرنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، ناخشا ئېيتىش ۋە داپ چېلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىشنى خوپ كۆرگەن.[55]

## كىيىم - كېچەك

ئىسلام دىنىدا كىيىم - كېچەك كىيىشتە ئىسراپچىلىق قىلىشقا ۋە ھەشەمەتچىلىك قوغلىشىشقا بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ئەرلەرنىڭ يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشىنى ۋە ئالتۇن ئىشلىتىشنى ھارام قىلغان.[56] ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ئەۋرىتىنى يېپىشقا بۇيرۇغان.[57] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋرىتىنى ئوچۇق قويغان بىر كىشىگە: "كىيىمىڭنى كەي ۋە يالىڭاچ يۈرمە"[58] دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋرەتنى يېپىشقا رىئايە قىلىش ھەققىدە: "ئاللاھ ئورنىنىشنى ۋە ھايانى ياخشى كۆرىدۇ"، "كىشى يۇيۇنغاندا ئۆزىنى دالدىغا ئالسۇن"[59] دېگەن. ئىنسانلارنى كىيىم - كېچىكنى پاكىزە تۇتۇشقا، ئەر - ئاياللارنىڭ كىيىنىشتە بىر - بىرىگە ئوخشىۋالماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان.[60]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئەر - ئاياللار ئەرەبلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتى بويىچە كىيىنەتتى. ئەرلەر بېشىغا سەللە يۆگەيتتى، تون - رىدا ۋە تامبال قاتارلىق كىيىملەرنى كىيەتتى. ئاياللار بېشىغا ياغلىق چىگەتتى، ئۇززۇن ئىشتاننىڭ ئۈستىگە كۆينەك كىيەتتى.[61] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپ ھاللاردا قارا رەڭلىك سەللىسىنى ۋە ئاق رەڭلىك كۆينىكىنى كىيۋالاتتى. بۇ ھەقتە شەمائىلي نەبىي (پەيغەمبەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە گۈزەل ئەخلاقى)گە ئالاقىدار كىتابلاردا تەپسىلي مەلۇماتلار بېرىلگەن.

## يېمەك - ئىچمەك

[49] بۇخارى، سەيد 26؛ مۇسلىم، ھەج 413، 418، سالام 19.
[50] سۈرە نىسا، 4/128 ـ 130.
[51] سۈرە بەقەرە، 2/228؛ تالاق 65/1.
[52] سۈرە تەھرىم، 66/3. ئىبنى ماجە، نىكاھ 4.
[53] كەتتاني، 2/373، 3/162.
[54] بۇخارى، نىكاھ 63؛ كەتتاني، 2/372،356.
[55] بۇخارى، نىكاھ 63؛ كەتتاني، 2/372،356.
[56] مۇسلىم، لىباس، 52، 59، 60، 61.
[57] سۈرە ئەھزاب، 33/59.
[58] مۇسلىم، ھەيز 78؛ ئەبۇ داۋۇد، ھەممام2.
[59] ئەبۇ داۋۇد، ھەممام 2.
[60] بۇخارى، لىباس68؛ مۇسلىم، لىباس 47؛ ئىبنى ھەنبەل، 5/264.
[61] ئىبنى سەئەد، 1/478، 2/103.

ئىسلام دىنىدا پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، غىزالىنىشتىن بۇرۇن ۋە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن قول يۇيۇلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غىزالانغاندا كۆپ گەپ قىلماسلىقنى، غىزانى ئاز ـ ئازدىن ئېلىپ يېيىشنى، بەك تويۇنۇپ يېمەسلىكنى، چاقىرىلغان زىياپەتكە بېرىش لازىملىقىنى بايان قىلغان.[62] غىزالىنىشتا ھەشەمەتچىلىك قىلىشتىن ۋە كۆمۈشتىن ياسالغان لېگەن ـ تەخسىلەردە تاماق يېيىشتىن ساقلانغان. ئارپا نېنى، خورما، ھەسەل، زەيتۇن، قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا، سۈتتىن ياسالغان ھەرخىل يېمەكلىكلەر، مېۋە ـ چېۋىلەر ۋە ھەرخىل كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۇ، سۈت، ھەسەل شەربىتى قاتارلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچكەن. ئىچىملىكلەرنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچمەسلىكنى، ئىچىملىك ئىچكەندە بىرلا كۆتۈرۈپ گۈپۈلدىتىپ ئىچمەستىن، ئالدىرىماي تىنىپ ئىچىشنى تەۋسىيە قىلغان.[63]

## ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا ئۈلگە قىلىنغان، قەبىلىۋازلىق ۋە مىللەتچىلىك يوقىتىلغان، بىرلىك ۋە باراۋەرلىك كەڭ ئومۇملاشقان، ئاللاھ ئالدىدىكى ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەجبۇرىيەتلەر ئادا قىلىنغان، ئۆزى ۋە باشقىلىرىنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىنغان، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى، ھاياتى ۋە يۈز ـ ئابرۇيى قوغدالغان، ۋەدىگە ۋاپا قىلىنغان بولۇپ، ئىنسانلار كىبىردىن يىراقلىشىپ، قىمار ئويناشتىن، جازانىخورلۇقتىن، يالغانچىلىقتىن، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشتىن، تۆھمەت قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلمىغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئومۇملىشىپ، يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەر چەكلەنگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە جەمئىيەت باراۋەرلىك، ھەققانىيلىق، ئادالەت ۋە ئەركىنلىك پرىنسىپلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ جەمئىيەتتە قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن. ئۆچمەنلىك، پىتنە ـ پاسات، كىن ـ ئاداۋەت، دۈشمەنلىشىشنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويۇلمىغان. ئىنسانلار ئىمان، ئىبادەت ۋە ئەخلاق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەي ”ئاللاھتىن قورقۇش“نى ئاساسىي نىشانغا ئايلاندۇرغان. مۇئمىنلەر بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇپ، ئۆزئارا كىن ـ ئاداۋەت ساقلىماي، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان بۇ جەمئىيەت ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن زىننەتلەنگەن، جاھىلىيەتنىڭ ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تۈگىتىلگەن، ئىنسانلار ئارىسىدا ھەمكارلىق ۋە دوستلۇق ھۆكۈم سۈرگەن.

(تەييارلىغۇچى: خوتەن شەھىرىدىن، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)



[62] بۇخارى، نىكاھ 71 ؛ مۇسلىم، نىكاھ 96 ـ 98، 106.

[63] مۇسلىم، ئەشرىبە 105،116،117؛ ئەبۇ داۋۇد، ئەشرىبە 19.




بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا، ھەممە كىشىگە ماس كېلىدىغان مەڭگۈلۈك ھەق دىندۇر. ئىنسانىيەتنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن، ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىشقا يېتەكلەيدىغان، كىشىلەرنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان مۇكەممەل دىندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **''بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم''**{سۈرە«مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى}.

بىز مانا مۇشۇنداق توغرا ۋە ھەق بولغان ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەگەشكۈچىلەردىن بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆز دىنىمىزنىڭ ھۆرمىتى، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئابرۇيى، جۈملىدىن ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان بەندىلىرىدىن بولۇش ئۈچۈن كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىمىز ۋە گەپ ـ سۆزلىرىمىزگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز ۋە قىياپىتىمىزگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **''سىلەرگە(ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە) رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر''**{سۈرە«ئەھزاب»(33 ـ سۈرە)، 21 ـ ئايەت}.

بىز دىنىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش ۋە ھەقىقى مۇسۇلمانلارغا خاس بولغان ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، يولباشچىمىز، يېتەكچىمىز بولغان گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل خىسلەتلىك، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىسى بولغان زات پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىشىمىز لازىم. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەخلاقلىرىنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق ئوبرازىمىزنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: **''مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم''** دەپ تەكىتلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سورالغاندا ''ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى'' دەپ جاۋاب بەرگەن(ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان).

ۋەز ـ تەبلىغ

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ھاياتىدا قۇرئان كەرىم تەشەببۇس قىلغان بارلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆزىدە مۇكەممەل مۇجەسسەملەشتۇرگەن. بۇنىڭدىن شۇ ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى يۈكسەك پەزىلەت ۋە سىمۇول خاراكتېرلىك بولۇشىغا قارىماي، ئىنسان ھاياتىدا داۋاملىق ئۆزلەشتۈرۈشكە مۇناسىپ ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

ئەخلاق — ئەرەبچىدىكى ”خۇلق“ دېگەننىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئاددىيلا ئۇقۇمى ھېسسىيات بىلەن سۇلۇكتىن ئىبارەت. ھېسسىيات — نىيەت، ئىرادە، مەقسەتتىن ئىبارەت بولۇپ ئىنساننىڭ ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، سۇلۇك — ئىنساننىڭ تاشقى ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئېنىقكى، ھېسسىيات سۇلۇكنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام ئەنە شۇ ھېسسىياتنىڭ قۇرۇلۇشنى ئىنتايىن ياخشى شەكىلدە يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ قۇرۇلۇش ئەقىدىگە باغلانغان بولۇپ، داۋاملىق قىلىدىغان ئىبادەتلەر بىلەن يېتىلدۈرۈلسە، مۇسۇلمانلارنىڭ نىيىتى داۋاملىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماسلىققا بەل باغلاشقا يۈزلىنىدۇ. چۈنكى، بەندە داۋاملىق ئاللاھ مېنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئىچكى دۇنيالىرىمدىن تارتىپ بىلىدۇ، دېگەن چۈشەنچىدە بولىدۇ. لېكىن ئەخلاق ئادەمنىڭ سۇلۇكىدىلا(يەنى تاشقى قىياپىتىدىلا) كۆرۈلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئەخلاق شەخس قىياپىتىنىڭ ئىچكى تاشقى ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ”ئاللاھدىن قورقۇش، تەقۋالىق قىلىش“ ئاساسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ ئەڭ ئادىل زاتتۇر. ھېچكىمگە ئېرىقنىڭ دانىسچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ. شۇ ئاساستا ئەخلاقىي ھاياتنىڭ ئۇلى ئىلاھىي چارە ـ تەدبىر بولۇپ يامان ئىش قىلغانلار مۇۋاپىق جازاغا تارتىلىدۇ. ياخشى ئىش قىلغانلار بولسا، نەچچە ھەسسىلەپ ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **”ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار“**{سۈرە«ھەج»(22 ـ سۈرە)، 77 ـ ئايەت}. ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا يەنە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **”سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر تۈركۈم جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر“**{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 110 ـ ئايەت}.

دېمەك، بىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئىزباسارلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن دىنىي خىزمەتلەرنى ياخشى قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، ئۇنىۋېرسال بىلىم ساپايىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرىنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەملەشتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇندىلا، ئۆزىمىزنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا شارائىت ھازىرلىغان بولىمىز. ناۋادا بىلىم سەۋىيىمىز يۇقىرى بولۇپ ئەخلاقىمىز بۇزۇلغان بولسا باشقىلارنى توغرا يولغا باشلاشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىمىزنى ئورۇنداش تۈگۈل باشقىلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ كېتىمىز. ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ نېمىتىگە تۇزكورلۇق قىلغان ۋە ئاسىيلىق قىلغان بولۇپ قالىمىز.

گۈزەل ئەخلاق بۇيرۇش، توسۇشلار بىلەن بارلىققا كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنى روھىيەتكە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆگەتكۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز پەرۋىش قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى ئۈلگە بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. تەربىيە ياخشى ئۈلگىگە تايانغاندىلا ئاندىن ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ناچار ئادەم ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ياخشى تەسىر قالدۇرالمايدۇ.

قىسقىسى، بىز گۇناھ ئىشلارغا ئېتىبارسىز قارىساق، ئۇنى تۈزىتىشكە، ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا، توغرا يولدا مېڭىشقا ئىنتىلمىسەك، قەلبلىرىمىز ئويغانماي غەپلەتتە قېلىۋەرسەك ھەرگىزمۇ ھىدايەت تاپالمايمىز. ئۆز ـ ئۆزىمىزنى تۈزىتىشكە ئىنتىلگىنىمىزدە ۋە شۇنىڭغا ھەرىكەت قىلغىنىمىزدا ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا بىزگە ئاسانلىق بېرىدۇ ۋە قەلبلىرىمىزگە ھىدايەت ئاتا قىلىپ، بىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **”ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ“**{سۈرە«رەئد»(13 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت}. (داۋامى 37 ـ بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# نىيەتنى توغرىلاپ ئەمەللەرنى رىيادىن خالىي قىلايلى

ئىسمائىل ئەكبەر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ھاياتلىقتا مەلۇم بىر مەقسەت ۋە نىشانى بولغاندەك، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىمىز باردۇر.

چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە: ''**جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم**'' دېگەن{سۈرە«زارىيات»(51 ـ سۈرە)، **56** ـ ئايەت}.

ئۇنداقتا ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئىبادەت دېگىنىمىز ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان، ئۇ ياخشى كۆرۈدىغان، رازى بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ قىلىنغان ھەرقانداق ئەمەلدۇر.

ئۇنداقتا ئىبادەتنى قانداق نىشان ۋە ھالەتتە قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا(يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. ئەنە شۇلار(يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر**''{سۈرە«بەييىنە»(**98** ـ سۈرە)، **5** ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇ چىقىپ تۇرۇپتىكى، ئىبادەتنى يالغۇز ئاللاھ تائالاغىلا خالىس قىلىش، چىن قەلبىدىن قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئەمىر قىلغان ئىبادەتلەردىكى نىشان ۋە ھالەتتۇر.

بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ''**ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق، ھەقىقەتەن كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ**''(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بۇ ھەدىستىن ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان ساۋابنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى، ئەمەللەردە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىش ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان خالىس ئەمەلدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇربانلىق قىلىنغان ماللار توغرىسىدا مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ''**ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ. ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلار**''{سۈرە«ھەج»(**22** ـ سۈرە)، **37** ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلەردە توغرا نىيەت ۋە تەقۋالىقنىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرتتۇر. ئەگەر ئەكسىچە بولسا ئۇنىڭ ئىبادىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەتسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى زىيىنى بولىدۇ. شۇڭلاشقا نىيەت ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن رەۋىشتىكى توغرا نىيەت بولۇشى كېرەك. ساھابىلەر ۋە باشقا ياخشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى توغرا، نىيەتلىرى خالىس بولغاچقا قىلغان ئەمەللىرى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن، ئۆزىدىن كېيىنكى مۇسۇلمان ئەۋلادلار تەرىپىدىن ماختالدى. ئۇلار كېيىنكىلەرگە شۇ ياخشى ئەمەللىرى، گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن ئۈلگە بولدى ۋە تەسىر كۆرسەتتى.

بىر قىسىم كىشىلەر نىيەت ياخشى بولسىلا بولىدۇ دەپ، ياخشى نىيەتنىلا ئەلا بىلىپ، ئاتالمىش ياخشى نىيەتتىن شەكىللەنگەن ھەرىكىتىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پرىنسىپلىرىغا مۇۋاپىق كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە سەل قارىدى ۋە كارى بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىسلامىيەتكە مۇۋاپىق بولمىغان بىر قىسىم ئىشلار يۈز بەردى. بۇنىڭغا ياخشى نىيەت بىلەن دىنىنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت ئىشلىرىدا بىدئەت پەيدا قىلىش ۋە ياخشى نىيەت بىلەن بەزى ئەمەللەرنىڭ پەزىلىتى توغرىلىق يالغاندىن ھەدىس توقۇش تىپىك مىسال بولالايدۇ.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا ئىسلام شەرىئىتىدە ئاساسى يوق بەزى ئىشلارنى ھەرخىل مەقسەتلەر بىلەن، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىبادەت قاتارىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئەجەبا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ: **"بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم"**{سۈرە «مائىدە» (5 ـ سۈرە)، 3 ـ ئايەت} دېگەن ئايىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىمكى بىزنىڭ (دىن) ئىشىمىزدا يوق ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ (ئىش) رەت قىلىنىدۇ" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن ھەدىسىدىن بىخەۋەرمىدۇ؟؟

مانا بۇ ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش ياخشى نىيىتى بىلەن قىلغىنى دىنغا پايدا يەتكۈزۈش بولماي، ئەكسىچە دىنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ياخشى نىيەت بىلەن يالغاندىن ھەدىسلەرنى توقۇش بولسا يالغان ھەدىسلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتلاردا بەزى كىشىلەر دىنىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ مۇسۇلمانلارنى ئىبادەتكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن يالغان ھەدىس ۋە قىسسەلەرنى توقۇپ چىقىشقان. ئۇلارنىڭ نىيەتلىرى توغرا بولغان بىلەن دىنغا، جۈملىدىن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغاننى چاپلىشى مۇتلەق توغرا ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىسلام دىنىمىز ھېچقاچان يالغانچىلىققا تايىنىپ كۈچلىنىشكە موھتاج ئەمەس.

نىيەتنى توغرىلاش ۋە ئەمەللىرىمىزنى رىيادىن خالىي قىلىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. "رىيا" دېگەن بۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى" ساختا، يالغان، تىلى باشقا، دىلى باشقا بولماق، يالغاندىن ياخشى نام ئالماق، تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق، شان ـ شۆھرەت قازىنىشقا ئۇرۇنۇش" دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىدىمۇ يۇقىرىقىدەك مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا رىيا قىلغۇچىلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (يەنى ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، نامازنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) ئاللاھنى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ"**{سۈرە «نىسا» (4 ـ سۈرە)، 142 ـ ئايەت}. يەنە ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۆئمىنلەر! پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلۋەتكىنى) گە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل-مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا-چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ"**{سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 264 ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

قىلىندۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دەيدۇ: "قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ سوئال - سوراق قىلىنىدىغان كىشى (جەڭدە) شەھىد بولغان كىشىدۇر، ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيادا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇمۇ ئەسلەيدۇ. ئاللاھ: ئۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى: سېنىڭ يولۇڭدا كۈرەش قىلىپ شەھىد بولدۇم - دەيدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىگە: سەن يالغان ئېيتتىڭ، سەن باتۇر ئاتىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدىڭ ۋە ئاتالدىڭ، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، قۇرئان ئوقۇغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ. ئاللاھ: بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟ - دەيدۇ. ئۇ: ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم دەيدۇ. ئاللاھ: يالغان ئېيتتىڭ! سەن بولساڭ باشقىلار مېنى ئالىم دېسۇن دەپ ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارىي دېسۇن دەپ ئوقۇدۇڭ ھەم شۇنداق دېيىلدىڭ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تۈرلۈك مال - مۈلۈكلەرنى بېرىپ دۆلەتمەن قىلغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللاھ: شۇ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى: مەن سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن سەن پۇل سەرپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى يوللارنىڭ ھەممىسىگە پۇل - مال سەرپ قىلدىم، دەيدۇ. ئاللاھ: يالغان ئېيتتىڭ، سەن بولساڭ كىشىلەر مېنى سېخىي ئىكەن دېسۇن دەپ، پۇل - مال سەرپ قىلدىڭ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىزنى ئەمەللىرىمىزدە رىيا قىلىشتىن ئىبارەت يالغانچىلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا قىيامەت كۈنى تۇنجى قېتىم رىيا ئىشلاردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى ۋە رىيا قىلغان ئەمەلىنىڭ رىياكارلارغا رەسۋاچىلىق ۋە ھەسرەت - نادامەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىش لازىملىقى قاتارلىق مۇھىم كۆرسەتمىلەرنى بېرىدۇ.

رىيادىن ئىبارەت بۇ قەلب كېسەللىكى سەۋەبلىك، بۇ سىناق دۇنيادا كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھاياتى ۋە ئىجتىمائىيىتى يالغانچىلىق، كىبىر بىلەن توشۇپ، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋەيران بولىدۇ. ئاخىرەتتە بولسا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئىسلام تارىخىدىكى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئىماملىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىزباسارلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ نىيىتى خالىس، ئەمەللىرى رىيادىن خالىي بولغاچقا ئىلمىي پىكرى ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىلمىي دەلىل ئىسپاتلار بىلەن ئۆزئارا مۇنازىرىلەشكەن ۋە مۇھاكىمە قىلىشقان. ئۇلار شۇ جەرياندا ھەقنى تېپىش، توغرىنى قوبۇل قىلىش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ نام - شۆھرىتىگە تەسىر يېتىشتىن قورقمىغان. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى بىلەن يۈزى چۈشۈپ كەتمەي، ئەكسىچە كىشىلەر نەزىرىدىكى ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئەمما، ئارىمىزدىكى بىر قىسمىلىرىمىز باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بولغان ئازغىنە پىكىر ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك ئۇلار بىلەن چېقىشالمىدۇق، بەلكى قارشى تەرەپنى ئۇنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا تېگىدىغان ۋە ئازغۇنلارغا نىسبەت بېرىدىغان قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلىشتۇق. ھەتتا ئۇلار بىلەن مۇسۇلماندارچىلىق، دوستلۇق، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشتۇق...

ئەجەبا، مۇشۇنداق قىلىشنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرامدۇ؟ مۇشۇنداق قىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىغا ۋە دەۋەت ئۇسلۇبىغا ئۇيغۇنمۇ؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا(يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3 - سۈرە)، 103 - ئايەت}.

بۇ توغرىسىدا يەنە مۇنداق بىر ھەدىس بار، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**''سىلەر ئۆزئارا غەزەپ قىلىشماڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، يۈز ئۆرۈشمەڭلار، سىلەر ئاللاھنىڭ قېرىنداشلارچە بەندىلىرى بولۇڭلار! مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى ھالال(دۇرۇس) بولمايدۇ''**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

مانا شۇنداق ھەسەت قىلىش ۋە ئىتتىپاقسىزلىق، مەلۇم نۇقتىدىن نىيەتنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ۋە ئەمەللەرگە رىيا ئارىلاشقانلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ئىتتىپاقسىزلىق بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوڭ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بىز بۇنداق ئىشلارغا خاتىمە بېرىشكە ئالدىرىشىمىز زۆرۈر.

بەزى كىشىلەر نۇرغۇن رىيازەت چېكىپ كۆپلىگەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ. بىراق ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار ئەمەللىرىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش، چوڭچىلىق قىلىش مەقسىتىدە، ئېغىزى قۇرۇپ قالغۇچە ھالى قالماي سۆزلەپ يۈرىدۇ. ئىمام ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم رىيانى ''كىچىك شېرىك'' دەپ ئاتايدۇ.

ئالىم ئىبنى ئەللان بۇ ھەدىستىكى ''شېرىك'' سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ: ''رىيانىڭ ئورنىغا شېرىك دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش رىيانىڭ مەخپىي شېرىك ئىكەنلىكىدىندۇر. گەرچە رىيا ئىماننىڭ ئەسلىي يىلتىزىنى تەۋرىتەلمىسىمۇ، لېكىن ئىمانغا بېقىندى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ'' دېگەن.

ئاللاھ تائالا رىيادىن خالىي پاك قەلب ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **''ئۇ كۈنى(يەنى قىيامەت كۈنى) ھېچ كىشىگە مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت(ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ''**{سۈرە«نىسا»(**26**-سۈرە)، **88**-، **89**-ئايەت}.

شۇڭلاشقا، بىز مەيلى ئەمەللەر ياكى ئىبادەتلىرىمىزدە بولسۇن نىيىتىمىزنى توغرىلاپ رىيادىن ساقلىنىپ بارلىق ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىشقا تىرىشايلى.

ئاللاھ تائالا بىزگە ساپ، ساغلام قەلب ۋە مۇستەھكەم ئىمان ئاتا قىلسۇن! ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن! پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن! بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن! شۈبھىسىزكى، سەن(بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچى سەن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت)

---

(بېشى **32**-بەتتە) ئىمان پەسلىكتىن ساقلىغۇچى، ئۇلۇغلۇققا قوزغاتقۇچى كۈچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا بەندىلىرىنى ياخشىلىققا چاقىرغان ياكى يامانلىقتىن يىراقلاشتۇرغاندا بۇنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئىماننىڭ تەلپى قىلىپ كۆپىنچە ئورۇندا ''ئىمان ئېيتقان كىشىلەر'' دەيدۇ. ئاندىن مەقسەتنى بايان قىلىپ بولۇپ **''ئاللاھقا تەقۋادار بولۇڭلار، راستچىللارنىڭ قاتارىدىن بولۇڭلار''** دەيدۇ{سۈرە«تەۋبە» (**9**-سۈرە)، **119**-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈچلۈك ئىماننىڭ ياخشى ئەخلاقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقى، ئەخلاقىي چېكىنىش بولسا ئىماننىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **''ھايا بىلەن ئىمان بىرلىشىپ كەتكەن ئىككى مۇڭگۈزدۇر، بۇلارنىڭ بىرسى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، يەنە بىرسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ''**(ئەبۇ نۇئەيم، ھاكىم، بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

بىر قىسىم كىشىلەر ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا سەل قاراپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنۇتقان ھالدا جەمئىيەتنىڭ ناچار بوسۇغىلىرىغا قەدەم بېسىپ، ئەخلاقسىز ئىشلارنى قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شەنىگە، جۈملىدىن ئىسلامنىڭ شەنىگە ئېغىر داغ تەگكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ كۆزقارىشىدا ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا باشقىچە قارايدىغان خاتا تۇيغۇ شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز تېزلىكتە ئويغىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقى قىياپىتىمىزنى تونۇشىمىز، گۈزەل دىنى ئوبرازىمىزنى يارىتىشىمىز كېرەك. ئاللاھ بىزنى توغرا يولغا باشلىسۇن! ئۆزىنى ۋە ئۆزلۈكىنى تونىيالمايۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەلبلىرىگە ئىمان ئىنساپ ئاتا قىلسۇن! ئاللاھ ھەممىمىزنى ھىدايەت قىلسۇن! ھەممىمىزگە كامىل ئىمان ئاتا قىلسۇن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت)




بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ ئەخلاقى بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر“.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئىمان يەتمىش نەچچە شاختۇر، بۇ شاخلارنىڭ ئەۋزىلى لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ(بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) دېگەن سۆزدۇر. ئۇ شاخلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنى كىشىلەرگە ئازار بېرىدىغان نەرسىلەرنى يوللاردىن يىراق قىلىشتۇر. ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر“.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىماننى شاخلىرى ناھايىتى كۆپ، بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ چوڭ دەرەخكە تەمسىل قىلىش ئارقىلىق بىزگە ئىماننىڭ تەۋھىد، ئەقىدە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى ئىنسانىنىڭ ئىبادەت، ئەخلاق، تۇرمۇش، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق ھەرىكەتلىرىگە، ھەممە پائالىيەتلىرىگە چېتىلىدىغانلىقىنى ئىلمى، چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ، ھايانىڭ ئىسلام دىنىدا تۇتقان ئورنىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. دېمەك، ئەمەل بىلەن بىرلەشمىگەن ئىمان كامىل ئىمان بولمايدۇ.

ھايا ئىماننىڭ زىننىتى، ھايا مۇئمىن، مۇسۇلمانلار پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق، ھايا ئەخلاقلارنىڭ تاجى، ئۇ ئۆز ساھىبىنىڭ ئىپپەتلىك، پاك دىيانەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ يارقىن نامايەندىسى. ھايا ئۆز ساھىبىنى ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەپ، يامان ئىشلاردىن توسۇپ تەقۋا بولۇشقا، ئاخىرىدا جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئېسىل خىسلەت. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان جەننەتتىدۇر“**(ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). دېمەك، ھايا ئۆز ساھىبىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ھايا بولمىغان ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ، ئىمان بولمىغان ئادەمدە ئادىمىلىك بولمايدۇ. ئادىمىلىكنى يوقاتقان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

ھايا ئۆز ساھىبىنى قەبىھ ـ ناچار ئىشلاردىن توسۇپ، رەزىل ـ پەسكەش قىلىقلارنى تەرك ئېتىشكە ئۈندەيدىغان، خالىق ۋە مەخلۇق ئالدىدا گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆتكۈزۈشتىن توسىدىغان ئېسىل ئەخلاق بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق مۇسۇلمانلارنى ھايا لىباسىنى كىيىشكە تەرغىب قىلىپ

## ئەخلاق ـ پەزىلەت

مۇنداق دېگەن: ”**ھايانىڭ ھەممىسى ياخشى، ھايا قىلىش پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ**“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ھايا ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھايالىقتۇر، سېخىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىلتىجا قىلىپ قول كۆتۈرگەن بەندىسىنى قۇرۇق قول قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ**“(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئەينى ۋاقىتتا ھايا بىلەن تونۇلۇپ مەشھۇر بولغان. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ”پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۈزى ئېچىلمىغان قىز بالىدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى. ئۇ يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىشنى كۆرسە، بىز ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن بىلىۋالاتتۇق“.

ھايا تەڭداشسىز گۈزەل ئەخلاق بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادا ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۇممەتلىرىنى ھايالىق بولۇشقا تەرغىب قىلىپ، ھايا توغرىسىدا نۇرغۇن ۋەز ـ تەبلىغلەرنى قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كىشىلەر ئىگىلىگەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ جۈملىسىدىن: ھايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل، دېگەن سۆزدۇر**“. دېمەك، ھاياسىزنىڭ بېشىغا ھەر بالالار كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھاياسىزلىقى ئىمانىنى نابۇت قىلىپ، ئەمەللىرىنى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ھاياسىز قانداق ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن قەتئىينەزەر جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدۇ، ئاخىرەتتە دوزاخقا چۈشىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇنۇ ئىككى جۈملە ھېكمەتلىك سۆزى بار: ”ھايا كەتسە بالا كېلىدۇ“، ”ھايالىق كىشى ــ باھالىق كىشى“. دېمەك ئار ـ نومۇس، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يوقاتقان ھاياسىز كىشى ھەر ۋاقىت بالايىئاپەتكە ئۇچراپ خاراب بولىدۇ، ئار ـ نومۇسنى ساقلاپ، پەزىلەتلىك ئىشلارنى كۆپ قىلغان ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدە قەدىر ـ قىممىتى، ئىناۋەت ـ ھۆرمىتى بولىدۇ.

ھايانىڭ مەنىسى: ۋىجدانى پاكلىق، نومۇس، ئۇيىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىنسانلار ئۈچۈن ھايا ئىنتايىن مۇھىم ۋە شەرەپلىك بىر خىسلەتتۇر، شۇنداقلا ئۇلۇغۋار ئېسىل ئەخلاقتۇر. بولۇپمۇ ئاياللار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ھىجابتۇر. ھايا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ گۈزەل، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر شەرتتۇر. قانۇن ـ تۈزۈم ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى كونترول قىلىشتىكى ئاساسلىق قېلىپقا ئايلىنىپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن ئىبارەت مەنىۋى بايلىققا ئىنتايىن موھتاج. ھايادىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاق كىشىلەر ۋۇجۇدىدىن يوقىلىپ كەتسە، كىشى كىشىدىن سۆز ھەرىكەتتە ئۇيالمايدىغان بولۇپ قالسا، ئالەمنىڭ تەرتىپى، نىزامى بۇزۇلىدۇ. ئىنسانلار ئارا ئەنئەنىۋى ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەت ۋە رەسمىيەتلەر يوقىلىدۇ. جاھان گۈلشىنى ھايا گۈلىنىڭ يوقلىقىدىن زىننىتىنى يوقىتىدۇ. ئىنسانىيەت گۈلى ھايانىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن ئايرىلىدۇ، ھايا شامى قاراڭغۇ ئالەمنى يورۇتالمايدۇ، زامان ھاياسىزلارنىڭ كۆڭلى بىلەن ئۈلپەت بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل غۇنچىسىدا كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، ئۆكتەملىكتىن ئۆزگە نەرسە تېپىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تىنچلىقى زور تەسىرگە ئۇچرايدۇ، كىشىلەر ئارا دىيانەت، ساداقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، مەككارلىق، خىيانەت، زوراۋانلىق ئالىدۇ ـ دە، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان، بۇلاپ ـ تالاپ ئوت قويىدىغان، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان پاساتچىلىقلار كۆپىيىدۇ.

ھايا كىشىلەرنى ناچار ئەخلاق ۋە بەت قىلىقلاردىن چەتكە تارتىدىغان تەبىئىي كۈچتۇر، ھايانىڭ كۈچى قانۇننىڭ كۈچىدىنمۇ ئۈستۈندۇر، يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئىنسانغا ھايادىن تولۇق مەنپەئەت يېتىدۇ، ياخشى خۇي ـ ئەخلاق ھايا سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ھايا ئاپتىپىدىن پەرۋىش تاپمىسا پىشمايدۇ.

ھايا شۇ قەدەر پاك تەبىئەتلىك بىر مەھبۇبتۇركى، ئۇ تەبىئىتى ۋە كۆڭلى پاك بولمىغان ھەرقانداق بىرىگە رام ۋە ئۈلپەت بولمايدۇ. ھايا شۇنداق نەپىس، چىرايلىق بىر لىباسكى، ئۇ زاتى تازا، تەبىئىتى پاك بولمىغان ئادەمنى ئۆزىگە ھەرگىز يېقىنلاشتۇرمايدۇ ۋە ئىلتىپات كۆرسەتمەيدۇ. ھايا ـ شۇنداق ئېسىل بىر گۆھەردۇركى، ئۇ ئىنسانىيەت تاجىنىڭ زىننىتى.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ھايا ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن يادرولۇق قىممەتكە ئىگە، ئۇ ئىنساننىڭ گۈل تاجى،

كۆرۈركى. ئۇ شەخس بىلەن جەمئىيەتنى تۈزەشتە، مىللەتنى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايانى ئىمان يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەن.

ھايانى تۆۋەندىكى كىچىك ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرىمىز.

**1. ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلىش:** ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ سانسىزلىغان ئىنئام، ئېھسانلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپ ئۆز پەرۋەردىگارى ئالدىدا گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆتكۈزۈشتىن ھايا قىلىش كېرەك. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارغا: ‹**سىلەر ئاللاھ تائالادىن ھەقىقى ھايا قىلىڭلار**› دېدى. بىز: ‹ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەلھەمدۇلىللاھ، بىز ئاللاھ تائالادىن ھەقىقى ھايا قىلىمىزغۇ› دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹مەن بۇنى دېمەكچى ئەمەسمەن، ئاللاھ تائالادىن ھەقىقى ھايا قىلىش دېگەن: باش ۋە باش ئۆز ئىچىگە ئالغان، قورساق ۋە قورساق ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۆلۈم ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) چىرىيدىغانلىقنى ئەسلەش. كىمكى بۇنى قىلسا ئاللاھ تائالادىن ھەقىقى ھايا قىلغان بولىدۇ› دېدى“.

دېمەك ھايا دېگەن خاتالىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يۈزنىڭ قىزىرىشى ياكى باشنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ تۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاس قىلىش، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇشتۇر. بىز ئۇيغۇرلاردا ”ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە“ دەيدىغان ماقال ـ تەمسىل بار، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ـ قۇلاق، ئېغىز ـ بۇرۇن ۋە باشقا ئەزالىرىمىزنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا مۇخالىپ ئىش قىلىشتىن، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشتىن ھايا قىلىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتە بۇغداي دەرىخىدىن باشقا بارچە نېمەتلەردىن بەھرىلەنسە بولىدىغانلىقىنى، پەقەت بۇغداي دەرىخىگە يېقىنلاشماسلىقنى بۇيرىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى بىلەن بۇغداي دەرىخىدىن يېدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى كىيىملەر تۈزۈپ كەتتى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇيالغىنىدىن ھەرتەرەپكە يۈگۈرۈپ يوشۇرۇنۇپ باقتى، شۇ چاغدا ئۈنىڭغا: ئى ئادەم مەندىن قاچامسەن؟ دېگەن نىدا كەلدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى ئاللاھ! سەندىن شۇقەدەر نېسۋە ـ ئېھسانلار ماڭا يەتكەن تۇرۇقلۇق قايانغا قاچارمەن، مەن پەقەت گۇناھ قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇيۇلىۋاتىمەن. ئەگەر گۇناھىمنى ئەپۇ قىلساڭ، يەنە شەرمەندىلىكىم قېپقالىدۇ، دېدى.

**2. ئاتا ـ ئانىلاردىن ھايا قىلىش:** ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى دۇنيادىكى ھەرقانداق مۇھەببەتلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەڭ پاك مۇھەببەتتۇر. ئانا قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇش، ئېمىتىش، تەربىيەلەش داۋامىدا زور جاپالارنى چېكىدۇ. ئاتا كۈن ـ تۈن ھەرىكەت قىلىپ، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن پۇل ـ مال تېجەپ ئۆزى يېمەي ـ ئىچمەي، كىيمەي پەرزەنتلىرىگە يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ، كىيگۈزۈپ مىڭبىر جاپا مۇشەققەت بىلەن پەرزەنتلەرنى قاتارغا قوشىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئېقىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ شادلىقى بىلەن شادلىنىپ، پەرزەنتىنىڭ قايغۇسى بىلەن قايغۇرىدۇ. شۇڭا پەرزەنتلەر ئۆزلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىن كامال تاپتۇرۇپ، روھىيىتىگە مەسئۇللۇق، بۇرۇچ، ئۇيات، مېھرىبانلىق، پىدائىيلىق، ۋاپا كەبى خىسلەتلەرنى سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى ئۇنتۇلۇپ قالماي، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەدرىنى ناھايىتى ئارتۇق بىلىشى ۋە ئۇلارغا چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت، ھۆرمەت كۆرسىتىشى زۆرۈر. ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماي، ۋاپاسىزلىق قىلىشتىن، ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە تۇزكورلۇق قىلىشتىن ھايا قىلىشى كېرەك. خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر ماقال ـ تەمسىل بار: ”ئاتا رازى ـــ خۇدا رازى“. ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلىش پەرزەنتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان قەرزى، مەجبۇرىيىتى، ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلغان پەرزەنتلەردىن خۇدامۇ، ئەل ـ يۇرتمۇ رازى بولىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر خىزمەت، تىجارەت بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئاتا ـ ئانىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەل قاراۋاتىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ”ئاتىنىڭ كۆڭلى بالىدا، بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا“ دېگەندەك ئويۇن ـ تاماشا، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەجرىنى، ئۈمىدىنى

ئۇنتۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماي، ئۇلارنىڭ ئىسسىق - سوغۇقتا قېلىشى، ئاچ - توق يۈرۈشى بىلەن كارى بولماي، ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلاردىن زېرىككەنلىكىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ‹‹**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا(زېرىككەنلىكنى بىلدۈرىدىغان) ئوھۇي دېگەنچىلىك گەپمۇ قىلمىغىن. ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىك چېغىمدا(مېھرى بىلەن) تەربىيىلىگەندەك ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن› دېگىن**››{سۈرە «ئىسرا»(17 - سۈرە)، 23 - ، 24 - ئايەت}؛ ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ‹‹**بىز ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر. تاكى ئۇ(بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىرىق ياشقا يەتكەندە: ‹ئى رەببىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىمنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى مېنىڭ كۆڭلۈمگە سالغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەردىن قىلغىن؛ مەن راستتىنلا ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانمەن› دەيدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز، ئۇلار جەننەت ئەھلى بىلەن بىللە بولىدۇ، بۇ ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر**›› {سۈرە«ئەھقاف»(46 - سۈرە)، 15 - ، 16 - ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئىنسان تىرىكچىلىكىنىڭ ئىككى خىل توپ پرىنسىپى شەرھلىنىپ، كىشىلەرگە ئىلاھىي يول بىلەن ئىنسانىيلىق يولىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىش كۆرۈش تەۋسىيە قىلىنغان. چۈنكى، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئەقىدە - ئىبادەت جۈملىسىدىن بولسا، ئاتا - ئانىغا ۋاپادار بولۇش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ئادىمىيلىك يولىدۇر. بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئاللاھ يولى بىلەن ئادىمىيلىك يولى بىر - بىرىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ. ساھابىلاردىن ئەمرۇ ئىبنى ئاسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**نامازدىن كېيىنكى ھەممە ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى ھەقىقەتەن ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇشتۇر**››.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاتا - ئانىغا ۋاپادار بولۇشنى تەۋھىد(ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تونۇش)، نامازنى ئادا قىلىش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىقىدىن ئاتا - ئانىدىن ھايا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3. **چوڭلاردىن ھايا قىلىش**: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: ‹‹**كىچىكلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلمىغان، چوڭلارغا ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرمىگەنلەر بىزدىن ئەمەس**›› بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۇ ئىماننىڭ تەلىپىدۇر. خەلقىمىز ئارىسىدا: ‹‹قېرىنى قاپتا ساقلاڭ، ئۆلۈكنى ھەپتە(ساقلاڭ)››، ‹‹قېرىسى بار ئۆينىڭ كىتابى بار›› دېگەن تەمسىللەر بار. چوڭلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆپ، بىلىدىغىنى ھامان باشقىلاردىن جىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك، مەن - مەنچىلىك قىلىشتىن ھايا قىلىشىمىز، ئىش - ھەرىكەتلەردە ئۇلارنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىنى مۇھىم پايدىلانما قىلىشىمىز، ئۇلارنى ۋەتەن، مىللەتنىڭ ‹‹گۆھىرى›› دەپ قاراپ ئۇلاردىن ھايا قىلىشىمىز كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىر كۈنى ساھابە كىراملار بىلەن ئولتۇرغان سورۇندا ساھابىلەرگە: ‹‹**ماڭا ياپراقلىرى(قىشمۇياز) تۆكۈلمەيدىغان، مېۋە بېرىشتىن توختاپ قالمايدىغان، سايىسى يوقالمايدىغان، مەنپەئەتى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىدىغان، مۇسۇلماننىڭ تەبىئىتىگە ئوخشايدىغان بىر دەرەخنى ئېيتىپ بېرىڭلار!**›› دېگەندە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىگە ئۇ دەرەخنىڭ خورما دەرىخى ئىكەنلىكى كەچكەن تۇرۇقلۇق ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ياشتا چوڭ ساھابىلەرگە بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆتۈۋېلىپ گەپ قىلىشتىن توسقان ھەم شۇنداق (داۋامى 21 - بەتتە)



# مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاقىت قارىشى توغرىسىدا

ئەمەتجان ئابلىمىت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ۋاقىت دېگەن كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى، بازاردا ساتقىلى ۋە سېتىۋالغىلى بولمايدىغان جانسىز مەۋھۇم ئۇقۇمدۇر. ۋاقىت ئۇقۇمىنى ھەربىر ئادەم روھىي دۇنياسى ئارقىلىق ھېس قىلىدۇ، دۇنيا ۋە ئىنسان مەۋجۇتلۇقى ۋاقىتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ناماز ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ۋاقىتقا رىئايە قىلىشقا چاقىرىدۇ: **"شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى"**{سۈرە «نىسا»(4 ـ سۈرە)، **103** ـ ئايەت}؛ **"(بەش) نامازنى بولۇپمۇ نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار(يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)"**{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **238** ـ ئايەت}. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز"** دېگەن(تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان). بۇ ئايەت ۋە ھەدىستىن ۋاقىتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە ھەربىر مۇسۇلمان ئادەمدە ۋاقىت قارىشى بولۇشنىڭ ئىبادەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرىش مۇسۇلمانلارغا خاس گۈزەل ئەخلاق، ئۇ روھنى تاۋلاپ ناماز ۋە توغرا بولغان ھەربىر ئىشنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ، مۇسۇلمانلار ئىسلامى ئىنتىزام ئىچىدە، ۋاقىت پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەر ماكاندا ھەر كۈنى ۋاقىتقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەمدۇر. ئادەمنىڭ ساپالىق، مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋاقىت قارىشى ئىپادىلەيدۇ. ۋاقىتنى ئالدى بىلەن ئېتىقادقا، ئاندىن ھاياتلىقنى مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن بېيىتىشقا قارىتىش، ئەقىل ۋە ۋاقىتنى ئىشلىتىپ دۇنيادىن ئۆتۈشنىڭ توغرا ئۇسۇلىدۇر. ئەتراپىمىزغا نەزەر سالساق كۆپىنچە كىشىلەر كەسىپدە ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقىدىن رەنجىپ تۇرمۇشنىڭ ئاددىي ـ سادda، غورىگوللۇكىدىن نارازى بولۇپ قاقشايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئادەمنىڭ ۋاقىت قارىشى يوق دېيەرلىك بولىدۇ. ھەربىر ئىشقا ئىخلاس بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاندا ۋاقىت قارىشى ئۈزلۈكسىز يېتىلىدۇ. شۇڭا ئادەم ئەقىل كىرگەندىن باشلاپ ۋاقىت قارىشىنى ھاياتلىق بېتى ئاخىرلاشقىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ۋاقىتنى بىكارچىلىق ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزمەسلىك لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"بەندە قىيامەت كۈنى ۋاقتىنى قايسى ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقىدىن سورىلىدۇ"** دېگەن(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئادەمدە ۋاقىت ئارقىلىق كۆپ نەرسە مەۋجۇت بولىدۇ، يەنە ۋاقىت تۈپەيلىدىن كۆپ نەرسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئىنساننىڭ يۈكسىلىشى ۋاقىت سەۋەبى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ،

ئۇنىڭ كەينىدە قىلىشى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دېمەك، مەمنۇنلۇقمۇ ـ زارلىنىشمۇ ۋاقىتقا بولغان پوزىتسىيە بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. تۇرمۇش بېسىمى ئۆزلۈكسىز ئېغىرلاۋاتقان، دۇنيا تەرەققىياتى كۈنسايىن تېزلىشىۋاتقان شارائىتتا ھەربىر ئادەمدە ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاساسىدۇر. تۇرمۇش رىتىمى تېزلەشمىگەن ئۆتمۈشتىكى ۋاقىتلاردا بۈگۈن قىلىدىغان ئىشنى بىغەملىك قىلىپ ئەتىگە قالدۇرسىمۇ تۇرمۇشقا ئانچە تەسىر كۆرسەتمەيتتى، ئەمما رىقابەت ئۆزلۈكسىز كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنگە كەلگەندە ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. قانداق ئىش بولسۇن بۈگۈنكى ئىش ئەتىگە قالدۇرۇلسا، شەك يوق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سورى كېلىدىغان بولۇپ قالىدى. بىزدە "ۋاقىت ئاتقان ئوق، ۋاقتىڭ كەتتى ـ بەختىڭ كەتتى" دېگەن گەپ بار. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق ھاياتلىقنى خار قىلغانلىقتۇر. ۋاقىتنىڭ قىممىتى ئېرىشكەن نەتىجە ئارقىلىق ئاشكارىلىنىدۇ. ئادەم ئۈچۈن بىر مىنۇت ۋاقىت بىر قېتىم تىنغىلى، قۇرئان ئوقۇيالايدىغان ئادەم ئۈچۈن بىر سائەت ۋاقىت ئىككى پارە قۇرئان ئوقۇغىلى، زىيالىي ئۈچۈن بىر كۈن ۋاقىت بىر پارچە ژۇرنال ئوقۇغىلى، ژۇرنالىست ئۈچۈن بىر ئاي ۋاقىت بىر سان ژۇرنال چىقارغىلى. دېھقان ئۈچۈن بىر يىل ۋاقىت تولۇق ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان، ھاياتلىق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقىت ئازلىق قىلىپ قەدرىگە قانماي دۇنيادىن ئايرىلىدىغان مېھرى ئىللىق شەيئىدۇر. ئادەم ۋاقىتنى قانچىلىك ھالەتتە قەدىرلىسە، ئۇ ئادەمگە شۇنچىلىك ھالدا بەخت بېغىشلايدۇ. خەلقىمىز ئادىتىدە سورۇنغا ۋاقتىدا كەلمەي كېچىكىپ كەلگەن مېھماننى، ۋەدىسىدە تۇرماي ۋاقىتنى كەينىگە سۈرگەن ئادەمنى، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇمىغان مۇسۇلماننى ياقتۇرمايدۇ. بۇنىڭدىن ئەجدادلىرىمىزدا ئەزەلدىن ۋاقىت تۇيغۇسى يېتىلىپ، ئۇنى قەدىرلىگەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا بىزدە ۋاقىت: باش توخۇ، سەھەر ۋاقتى، ئاش ۋاقتى، چۈش ۋاقتى، زاۋال ۋاقتى، ئەلىياتقۇ ۋە تەڭ كېچە دېگەندەك ئۇقۇملار بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. ۋاقىت يەنە دىنىي ئېتىقاد ئىبادەت جەھەتتە، سوھۇرلۇق ۋاقتى، بامدات ۋاقتى، پېشىن ۋاقتى، ئەسىر ۋاقتى، ئىپتار ۋاقتى، شام ۋاقتى ۋە خۇپتەن ۋاقتى دەپ ئىپادىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ئېڭىدا ۋاقىتنىڭ قىممىتى مۇشۇنداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئادەمنىڭ ۋاقىت قارىشى ياخشى بولمايدىكەن قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن قەتئىينەزەر مەغلۇب بولۇپ نەتىجە قازىنالمايدۇ. ئىنسان ھاياتىدا ئىككى خىل ئامىل داۋاملىق مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى شانلىق نەتىجە، يەنە بىرى ئازابلىق مەغلۇبىيەت. ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىدا ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ئادىتى يېتىلسە، جىسمى توغرا ھەرىكەتتە بولۇپ نەتىجە ھاسىل قىلىدۇ. ۋاقىت قارىشى ياخشى بولماي تەپەككۇرى تار بولسا، روھى دۇنياسى قاراڭغۇ جىسمى بوشاڭ ھەرىكىتى تەرتىپسىز بولۇپ مەغلۇبىيەت غالىب كېلىدۇ، بۇ ياشاش پەلسەپىسى، بۇنى ھېس قىلىش دانالىقتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سەن ئۆزۈڭگە پايدىلىق نەرسىلەرگە ھېرىس بولغىن، ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن، ئاجىزلىقنى ئۆزۈڭگە يولاتمىغىن"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ۋاقىت، دۇنياغا، ھاياتقا سېلىنىدىغان ئەڭ زور مەبلەغ، ئۇ ئارزۇ ـ ئارمانلارنى رويابقا چىقىرىشقا تۈرتكە بولىدۇ. دۇنيا ۋە ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق ۋاقىت تەڭدىشى يوق نېمەتتۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئىككى خىل نېمەت بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ ئىككى نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەي زىيان تارتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەتتۇر"** دېگەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ۋاقىت مەڭگۈ خورىماس بايلىق، يېڭى يىلنىڭ كىرىشى بىلەن ئادەمنىڭ بىر ياش ۋاقتى قىسقىرايدۇ، ئۇ ئەمدى قايتا كەلمەيدۇ، يەر شارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋېرىدۇ، ھەر يىلى تۆت پەسىل ئۆزلۈكسىز ئالمىشىۋېرىدۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە قۇياش كۆتۈرۈلۈپ تاڭ يورۇۋېرىدۇ. ھەر كۈنى كەچتە قۇياش پېتىپ قاراڭغۇ چۈشۈۋېرىدۇ، كېچە ئاسمىنى(قاراڭغۇسى)دا ھىلال ئاي ۋە سانسىز يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئۆز يولىدا سەير قىلىۋېرىدۇ بۇ ۋاقىتنىڭ قەدىمى، بۇنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھەربىر يىل، ھەربىر ئاي، ھەربىر

ھەپتە، ھەربىر كۈن، ھەربىر سائەت، ھەربىر مىنۇت، ھەربىر سېكۇنت ۋاقىت ئۆزلۈكسىز ئۆتۈۋېرىدۇ. ئادەم ۋاقىتتىن پايدىلانمىسا ئۆمرى قىسقىراۋېرىدۇ، ئاخىرى پۇشايمان قىلىپ خارلىنىشقا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئادەم دۇنيادا ھەرقانداق نەرسىگە قايتا ئېرىشىشى مۇمكىن، ئەمما بىھۇدە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتقا قايتا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئادەمگە شان ـ شەرەپ نېسىپ بولمايدۇ.

ئورۇنسىز يىغىلىش، ئەھمىيەتسىز سۆھبەت ۋە بىھۇدە ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"بىر كىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان پايدىسىز ئىشلارنى تەرك ئېتىشى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ گۈزەللىكىدىندۇر"**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا ھاياتلىق زايە بولىدۇ، ۋاقىتقا رىئايە قىلمىسا زارلىنىش بولىدۇ، ۋاقىتنى نەزەرگە ئالمىسا ۋاقىت قارىشى كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىدۇ، ۋاقىتقا ئەھمىيەت بەرسە ھەسرەت چەكمەيدۇ، كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ تۇرىدۇ، ئىقتىدارى يېڭىلىنىدۇ، يوقسۇزلۇقدىن قۇتۇلىدۇ، ئىقتىسادى گۈللىنىدۇ، مەرىپەت جەھەتتە يورۇقلۇققا چىقىدۇ. جەمئىيەتكە قارايدىغان بولساق شەھەر ـ رەستىلەردە، ئىدارە ـ ئورگانلاردا، مەكتەپ، بىلىم يۇرتلىرىدا، يېزا ـ مەھەللىلەردە، ئائىلە ئۆيلەردە، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھاياتلىق چەكلىكتۇر، ئادەم ۋاقىتنى قانچە بالدۇر قەدىرلىسە، شۇنچە تېز ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ۋاقىتتىن پايدىلىنىشتا ئىپادىلىنىدۇ، ۋاقىتنىڭ نەتىجىسى ھاياتلىقتا كۆرۈلىدۇ.

بەزى كىشىلەر ياش ۋاقتىدا ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، يېشى چوڭايغانسېرى ۋاقىتنى ئەھمىيەتسىز ئىش ۋە بىكار يۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپ پۇشايمان ئىچىدە ھەسرەت چېكىدۇ. ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە 72% ياشانغان كىشى ياش ۋاقتىدا تىرىشماي، كەسىپتە نەتىجە قازىنالمىغانلىقتىن ئۆكۈنىدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئىنساننىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئۇ ئىنساندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر" دېگەن.

تولىمۇ ئەستايىدىل بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىغا دائىم تەكرار قىلدۇرغاندىن سىرت، يەنە كۆپلەپ تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، بۇ تەكرار ۋە تاپشۇرۇقلار قوشنا سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەن، ئوقۇغۇچىلار نارازى بولۇپ ئوقۇتقۇچىسىغا: "مۇئەللىم، بۇنداق كۆپ تاپشۇرۇققا ۋاقىت يېتىشتۈرەلمىدۇق" دەپتۇ. مۇئەللىم چوڭ بىر ساندۇق ئېلىپ كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ساندۇقنى چوڭ تاشلار بىلەن تولدۇرۇڭلار، دەپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ساندۇقنى تېز تولدۇرۇپ بوپتۇ. مۇئەللىم: "بۇ ساندۇق تاش بىلەن تولدى. ئەمدى شېغىل، ئاندىن قۇم ئەكىلىپ قاچىلاڭلار" دەپتۇ. ئوقۇغۇچىلار شېغىل ۋە قۇم ئېلىپ كېلىپ، ساندۇقنى لىق تولدۇرۇپ، پەقەتلا بوشلۇق قالدۇرماپتۇ. دېمەك، ئەسلىدە تاش بىلەن تولدۇرۇلغان ساندۇققا يەنە نۇرغۇن شېغىل ۋە قۇم سىغىپ كېتىپتۇ. "بۇ ساندۇققا يەنە نېمىلەرنى سالغىلى بولىدۇ؟" دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم. ئوقۇغۇچىلار: "ساندۇق لىققىدە تولۇپ كەتتى" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مۇئەللىم يەنە بىر داس سۇ كەلدۇرۇپ ساندۇققا قويۇپتۇ. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا: "قاراڭلار، ئەگەر چوڭ تاشلاردەك يۈزەكى قارايدىغان بولساق، بىر كۈن ئاسانلا توشۇپ قالىدۇ، شېغىلدەك بولساق، چوڭ تاشلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلارنى بايقىيالايمىز، قۇمدەك ئىنچىكە بولالىساق، نۇرغۇن بوشلۇقلارنى سېزەلەيمىز. قەلبىمىزنى ئېقىن سۇدەك ئەۋرىشىم تۇتالىساق، قۇم ئارىسىدا يەنە سۇ سىغىدىغان كۆپ ئورۇن بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. ۋاقىتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىساقلا، يەنە نۇرغۇن بوشلۇقلارنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ" دەپتۇ.

يەر شارىدىكى تەرەققىياتلار ئۆزلۈكسىز چاقماق تېزلىكىدە يېڭىلىنىپ مېڭىۋاتىدۇ. تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشىپ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەسلىك ئالىيجانابلىق ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا مۇھىم نەرسە ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى مۇھىمى بىلىم ۋە پۇل، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ ئەڭ مۇھىم نەرسە تىرىشىشتۇر، ئادەم تىرىشىدىغانلا بولسا شۈبھىسىزكى ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ، ۋاقىت ۋە ئۆزگىرىشنىڭ قاتىلى ھورۇنلۇق. ئۇلۇغۋار نىشانى

كۆزلەپ، ئىزدىنىۋاتقان ئەر ۋە ئايال ھەربىر ئادەم ۋاقىت قارىشىم قانچىلىك؟ يېتەرسىزلىكچۇ؟ دېگەننى خىيال قىلىشى لازىم. ۋاقىت — ھەركىم خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان خەزىنە. ھاياتلىقنىڭ ھەربىر تىنىقى غەنىيمەت، مۇتەپەككۇر شەيخ سەئىدى: ”ئادەم بۇ دۇنياغا ئىككى قېتىم تۆرەلمەيدۇ، شۇ بىر قېتىممۇ ياشاشنى بىلمىسە بولامدۇ؟“ دېگەن. ئېرىشكەن نەتىجىدىن ئىلھاملىنىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى ھەرىكەتلىنىدىغان كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئىگىلىگەن بىلىمدىن ياراتقان تۆھپىدىن مەغرۇرلىنىپ، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ئەڭ خەتەرلىك نادانلىقتۇر، تارىختا نەزەر سالساق بەزى كىشىلەر ئازغىنە قازانغان غەلىبىسىدىن قانائەتلىنىپ، كېيىنكى يۈكسىلىشتىن قۇرۇق قالغان. ۋاقىت ھاياتلىق مەنبەسى، بۈگۈن ئىنسانغا بېرىلگەن پۇرسەت. ئاتلىنىدىغان ئەتە تۇز ۋە داۋان بولسىمۇ، باتۇرلارچە بەرداشلىق بېرىپ، تالماس قانات، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن غالىبلارچە قەدەم تاشلاپ، ئۆچمەس ئۇتۇقلار بەرپا قىلىش يۈكسەك مەسئۇلىيەتتۇر. ھەر كۈنلۈكى **24** سائەت ۋاقىتنى ئىمان، خىزمەت، ئارام ئېلىش، ئۆگىنىش ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇرمۇشنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈش ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن مەجبۇرىيەتتۇر. يىغىنغا ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كېلىش، چاقىرىلغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ۋاقتىدا بېرىش، ھۆنەرۋەنلەر ھاجەتمەنلەر بىلەن كېلىشكەن ئىشنى دېيىلگەن ۋاقىت ئىچىدە تۈگىتىشى مۇسۇلمانلار بۇرچىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **”مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئەھدىگە ۋاپا قىلىدۇ، پەقەت، ھارامنى ھالال، ھالالنى ھارام قىلىدىغان ئىشلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا“**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). كارخانىچىلار تۈزۈشكەن توختامغا ئەمەل قىلىپ مالنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى، تىجارەتچىلەر تېلېفون ۋە تور ئارقىلىق سودا قىلىش جەريانىدا ئاغزاكى پۈتۈشۈپ ۋەدىلەشكەن مالنى ئەينەن ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشى ئىبادەت قىلىنغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **”دۇرۇس، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، ئىشەنچلىك تىجارەتچى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شېھىتلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ“**(تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”**راستچىل ۋە مۇئامىلىدە ئىشەنچلىك تىجارەتچى، قىيامەت كۈنىدە ئەرشنىڭ سايىسىدە سايىدايدۇ**“(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). بىر پەيلاسوپ ”دۇنيادىكى ئەڭ ئاسان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرەش ھەممىدىن ئاسان“ دەپ سۈپەتلىگەن. ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ئادەمنى خۇرسەنلىككە چۆمدۈرىدۇ. ئۇنى ئىنسان مەنپەئەتىگە پايدىسىز ھەرىكەتلەرگە سەرپ ئېتىش لاياقەتسىزلىكتۇر. ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلماي ئۇنى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتسە، باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ، ئىززەت - ئابرۇيى ئۆسۈپ قەدەممۇقەدەم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **”ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ“**{سۈرە«نەجم»(53 - سۈرە) 39 - ئايەت}.

**100** ياشقا كىرگەن ئۆمۈر چولپىنىدىن بىر ئەسىر ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى، تىل ئۆگىنىۋاتقان كۇرسانتىدىن بىر يىل ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى، بىر ئاي خىزمەتكە كەلمىگەن خادىمدىن بىر ئاي ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى، بىر ھەپتە تىجارەتكە قاتناشماي دۇكان ئاچالمىغان سودىگەردىن بىر ھەپتە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى، كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان بىمار كاسىپىدىن بىر كۈن ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى، ئىمتىھاندا ۋاقىتنى يېتىشتۈرەلمىگەن ئوقۇغۇچىدىن بىر سائەت ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى، ئايروپىلانغا ئۈلگۈرەلمىگەن يولۇچىدىن بىر مىنۇت ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى، ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن تەنھەرىكەتچىدىن بىر سېكۇنت ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى، نەپەس ئالالمىغان غەۋۋاستىن بىر دەقىقە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى سورىغاندا ھەقىقەتەن ۋاقىتنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. تۈنۈگۈن تارىختا ئايلاندى، ئۇنى ھەر قانچە سېغىنىپ پەرياد چەكسىمۇ، قايتا نېسىپ بولمايدۇ. بۈگۈن نەپ يەتكۈزىدىغان بايلىق، ئەتە سىرلىقتۇر، ئادەم ۋاقىت قەدرىگە يەتسە دۇنيا گۈزەل، تۇرمۇش تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

(ئاپتور: قەشقەر شەھەر سەمەن يېزىسى 5 - كەنت 2 - مەھەللە جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام - خاتىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)



# قۇرئان كەرىمدىكى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بەزى مەلۇماتلار

ئامانۇللا ھىزبۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

قۇرئان كەرىم بۈيۈك ئاللاھنىڭ كالامى بولغان مۇقەددەس كىتاب. ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى، ياشاش ۋە دۇنيا ھەم ئاخىرەتتىكى بارلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى، ئۆزگەرتىشتىن، كېمەيتىشتىن، زىيادە قىلىشتىن، ئالماشتۇرۇشتىن خالى بولغان كىتابتۇر. قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى، مۇكەممەللىكى بىلەن مۇقەددەستۇر. **''ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ(يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر''**{سۈرە «فۇسسىلەت»(41 ـ سۈرە)، 42 ـ ئايەت}. قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان(ئۇنى تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇش، مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ئىبادەت بولىدۇ، يەنى قۇرئان ئوقۇغان كىشى ساۋابقا نائىل بولىدۇ)، تەلىماتلىرى بويىچە ئەمەل قىلىنىدىغان، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىش بىلەن ئىككى ئالەملىك ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغان، مۇسۇلمان كىشىنىڭ دىن، ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ۋەز ـ نەسىھەت، ئىلىم ـ مائارىپ ئىشلىرىدا ئاساسلىنىدىغان ئىلاھىي كىتابتۇر. ئۇ ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، سۈرە«فاتىھە» بىلەن باشلىنىپ، سۈرە«ناس» بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى ئومۇمىي ۋە مەڭگۈ بولغان بىر دىن بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىگە كىتاب نازىل قىلىشنى ۋە ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى توختاتقان. قۇرئان كەرىم يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەقىقى ۋە راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ھۆججەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **''ساڭا**

ئىسلام بىلىم گۈلزارى

**بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خوش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق"** {سۈرە «نەھل» (16 ـ سۈرە)، **89** ـ ئايەت}.

بىز قۇرئاننى بېرىلىپ ئوقۇغىنىمىزدا قۇرئاننىڭ مۇقەددەسلىكى، كاتتىلىقى، مۆجىزە ئىكەنلىكى ۋە شان ـ شەرىپىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا بولغان ئىمانىمىز تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىرى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قۇرئان كەرىمنىڭ (ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرىدىغان) ئاجايىبلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

بۇنىڭدىن **14** ئەسىر ئىلگىرى قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئەرەبلەرنى ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەدىب ـ شائىرلارنى ئۆزىنىڭ بالاغەت ـ پاساھىتى بىلەن ۋە تۈزۈلۈشىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ھەيران قالدۇرغان بولسا، مەزمۇنىنىڭ ئەتراپلىقلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ كەلدى. مانا، قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغاندىن بېرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىگە شەك كۆزى بىلەن قارايدىغانلاردىن قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىر كىتابنى ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىدەك بىرەر سۈرىنى ياكى بىرەر ئايەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنغىنىغا **1400** يىلدىن ئارتۇق بولۇپ قالدى، لېكىن ھېچكىم ئۇنداق قىلالمىدى ھەم مەڭگۈ قىلالمايدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: **"ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ"** {سۈرە «ئىسرا» (17 ـ سۈرە)، **88** ـ ئايەت}.

قۇرئان ھەقىقەتەن بەندىنىڭ سۆزى بولماستىن بەلكى بەندىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، تەربىيەتچىسى، رىزىق بەرگۈچىسى، ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار، ھەممىگە قادىر بۈيۈك ئاللاھنىڭ كالامى بولۇپ، ئۇ ھېلىھەم ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سىرلىرى، ئىنسان ئەقلىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇچى مۆجىزىلىرى بىلەن دۇنيانى ھەيران قالدۇرۇپ كەلمەكتە. بىز بۇ ماقالىمىزدا قۇرئان كەرىمدىكى بىز ئويلاپ باقمىغان، ھەربىرىمىز بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بەزى مەلۇماتلارنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

**1**. قۇرئان كەرىم رەببىمىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئاللاھنىڭ كىتابى، ئۇ **30** پارەدۇر.

سۈرىلەرنىڭ سانى جەمئىي **114** دۇر. قۇرئان كەرىمدە **6236** ئايەت، **77439** سۆزلۈك، **323670** ھەرپ بار.

**2**. قۇرئان كەرىمدىكى مەككە سۈرىلىرىنىڭ سانى **86**، مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ سانى **28**، ھىجرەتتىن بۇرۇن نازىل بولغان سۈرىلەر "مەككە سۈرىلىرى"، ھىجرەتتىن كېيىن نازىل بولغان سۈرىلەر "مەدىنە سۈرىلىرى" دەپ ئاتىلىدۇ.

**3**. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ لەۋزى جالالى پىش ئوقۇلغان شەكىلدە **980** قېتىم، زەۋەر ئوقۇلغان شەكىلدە **592** قېتىم، زىر ئوقۇلغان شەكىلدە **1125** قېتىم، جەمئىي **2697** قېتىم زىكرى قىلىنغان.

**4**. قۇرئان كەرىمدە تۇنجى بولۇپ نازىل بولغان سۈرە ـ سۈرە «ئەلەق» (96 ـ سۈرە)، قۇرئان كەرىمدە ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەت ـ سۈرە «مائىدە» (5 ـ سۈرە) نىڭ، **3** ـ ئايىتى.

**5**. قۇرئان كەرىمدە **14** يەردە سەجدە ئايىتى بار. سەجدە ئايىتى بار سۈرىلەر: (**1**) سۈرە «ئەئراف» (**7** ـ سۈرە)، **206** ـ ئايەت؛ (**2**) سۈرە «رەئد» (**13** ـ سۈرە)، **15** ـ ئايەت؛ (**3**) سۈرە «نەھل» (**16** ـ سۈرە)، **49** ـ، **50** ـ ئايەت؛ (**4**) سۈرە «ئىسرا» (**17** ـ سۈرە)، **109** ـ ئايەت؛ (**5**) سۈرە «مەريەم» (**19** ـ سۈرە)، **58** ـ ئايەت. (**6**) سۈرە «ھەج» (**22** ـ سۈرە)، **18** ـ ئايەت؛ (**7**) سۈرە «فۇرقان» (**25** ـ سۈرە)، **60** ـ ئايەت؛ (**8**) سۈرە «نەمل» (**27** ـ سۈرە)، **25** ـ ئايەت؛ (**9**) سۈرە «سەجدە» (**32** ـ سۈرە)، **15** ـ ئايەت؛ (**10**) سۈرە «ساد» (**38** ـ سۈرە)، **24** ـ ئايەت؛ (**11**) سۈرە «فۇسسىلەت» (ھامىم سەجدە سۈرىسى) (**41** ـ سۈرە)، **37** ـ، **38** ـ ئايەت؛ (**12**) سۈرە «نەجم» (**53** ـ سۈرە)، **62** ـ ئايەت؛ (**13**) سۈرە «ئىنشىقاق» (**84** ـ سۈرە)، **21** ـ ئايەت؛ (**14**) سۈرە «ئەلەق» (**96** ـ سۈرە)، **19** ـ ئايەت.

6. قۇرئان كەرىمدىكى تۇنجى بولۇپ تولۇق نازىل بولغان سۈرە ــ سۈرە «فۇرقان» (25 ـ سۈرە).

7. قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە ــ سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، ئەڭ قىسقا سۈرە ــ سۈرە «كەۋسەر» (108 ـ سۈرە).

8. قۇرئان كەرىمدىكى ئىككى قېتىم بىسمىللاھ زىكرى قىلىنغان سۈرە ــ سۈرە «نەمل» (27 ـ سۈرە).

9. قۇرئان كەرىمدە "بىسمىللاھ" بىلەن باشلانمىغان سۈرە ــ سۈرە «تەۋبە» (بەرائە سۈرىسى) (9 ـ سۈرە).

10. قۇرئان كەرىمدىكى ھەربىر ئايىتىنىڭ ئاخىرى "ر" ھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان سۈرە ــ سۈرە «كەۋسەر» (108 ـ سۈرە) بىلەن ئەسىر سۈرىسى (103 ـ سۈرە). ھەربىر ئايىتىنىڭ ئاخىرى "د" ھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان سۈرە ــ سۈرە «ئىخلاس» (112 ـ سۈرە). ھەربىر ئايىتىنىڭ ئاخىرى "س" ھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان سۈرە ــ سۈرە «ناس» (114 ـ سۈرە).

11. قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ بۈيۈك سۈرە ــ سۈرە «فاتىھە» (1 ـ سۈرە)، ئەڭ بۈيۈك ئايەت ــ ئايەتۇلكۇرسى (2 ـ سۈرە 255 ـ ئايىتى).

12. قۇرئان كەرىمدىكى جەننەتنىڭ نېمەت ۋە سۈپەتلىرى ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان سۈرە ــ سۈرە «رەھمان» (55 ـ سۈرە)، جەننەت تىلغا ئېلىنمىغان سۈرە ــ سۈرە «يۇسۇف» (12 ـ سۈرە).

13. قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنغان مالائىكىلەرنىڭ ئىسمى ــ سۈرە «بەقەرە»دە زىكرى قىلىنغان جىبرىئىل، مىكائىل، ھارۇت، مارۇت؛ سۈرە «زۇخرۇف»دا زىكرى قىلىنغان مالىك.

14. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى جەمئىي 25 بولۇپ، ئۇلار: ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام، نۇھ ئەلەيھىسسالام، ھۇد ئەلەيھىسسالام، سالىھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، لۇت ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام، ياقۇب ئەلەيھىسسالام، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ھارۇن ئەلەيھىسسالام، زۇلكەفل ئەلەيھىسسالام، داۋۇد ئەلەيھىسسالام، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، ئىلياس ئەلەيھىسسالام، يەسئى ئەلەيھىسسالام، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام، يەھيا ئەلەيھىسسالام، ئىيسا ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

15. قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسمى بەش قېتىم تىلغا ئېلىنغان، يەنى سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، 144 ـ ئايەت؛ سۈرە «ئەھزاب» (33 ـ سۈرە)، 40 ـ ئايەت؛ سۈرە «مۇھەممەد» (47 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت؛ سۈرە «فەتىھ» (48 ـ سۈرە)، 29 ـ ئايەت؛ سۈرە «سەپ» (61 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت.

16. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ساماۋى كىتابلار: قۇرئان كەرىم، ئىنجىل، تەۋرات، زەبۇر، مۇسا ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن كىتابتۇر.

17. قۇرئان كەرىمدە ئىسمى ئوچۇق تىلغا ئېلىنغان ساھابە ــ زەيد ئىبنى ھارىسە. ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئايال ــ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مەريەم.

18. قۇرئان كەرىمدە مىسىر بەش يەردە تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار: سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 61 ـ ئايەت؛ سۈرە «يۇسۇف» (12 ـ سۈرە)، 21 ـ، 99 ـ ئايەت؛ سۈرە «زۇخرۇف» (43 ـ سۈرە)، 51 ـ ئايەت؛ سۈرە «يۇنۇس» (10 ـ سۈرە)، 87 ـ ئايەت.

19. قۇرئان كەرىمدە ۋاقىت بىلەن ناملانغان سۈرىلەر تۆۋەندىكىچە: 89 ـ سۈرە ــ سۈرە «فەجر» (سۇبھى، تاڭ سەھەر)؛ 92 ـ سۈرە ــ سۈرە «لەيل» (كېچە)؛ 93 ـ سۈرە ــ سۈرە «زۇھا» (چاشگاھ ۋاقتى)؛ 103 ـ سۈرە ــ سۈرە «ئەسر» (زامان)؛ 113 ـ سۈرە ــ سۈرە «فەلەق» (تاڭ، سۇبھى).

20. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان مەسچىتلەر: مەسجىدى ھەرەم، مەسجىدى ئەقسا، مەدىنەدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى.

21. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان تاغلارنىڭ ئىسمىلىرى: سافا تېغى، مەرۋە تېغى، تۇرسىنا تېغى، جۇۋدى تېغى، ئەرەفات تېغى.

22. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان سۇ ئاقمايدىغان دەريالار: سۈت ئاقىدىغان دەريالار، شەربەت ئاقىدىغان دەريالار، ھەسەل ئاقىدىغان دەريالار.

23. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان مەدەنلەر: ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر.

جەۋاھىراتلار: مەرۋايىت، ياقۇت، مارجان.

24. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان مېۋە ۋە ئۆسۈملۈكلەر: ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم، زەيتۇن. خورما، بانان، قاپاق، چىلان، تەرخەمەك، سامساق، پىياز، قىچا ئۇرۇقى، يۇلغۇن، تىكەن، زەققۇم دەرىخى، زەنجىۋىل قاتارلىقلار.

25. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالار نامى: قەلب، قول، قورساق، تىل، پۇت، پېشانە، بېلەك، كۆز، لەۋ، دۈمبە، قۇلاق، ئېغىز، باش، سۆڭەك، تېرە، ئوشۇق، كېكىرتەك، يۈز، بويۇن، مەڭىز، ئۈچەي، كۆكرەك، چىش، تاپان، كاناي، بۇرۇن، ئالقان، ئومۇرتقا، بارماق.

26. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلار: ئۆمۈچۈك، چېكەتكە، قاغا، پىت، شاتۇتى، پاقا، چىۋىن، پاشا، چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، شىر، بۆرە، ئىت، يىلان، كالا، تۆگە، ئات، ئېشەك، قېچىر ۋە پىل.

27. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ھۈنەر-كەسىپلەر: تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، غەۋۋاسلىق، زەرگەرچىلىك، كېمىچىلىك، ئاشپەزچىلىك، قاسساپلىق ۋە بوياقچىلىق قاتارلىق ھۈنەر-كەسىپلەردىن ئىبارەت.

28. قۇرئان كەرىمدە ھايۋانلارنىڭ ئىسمى بىلەن ناملانغان سۈرىلەر تۆۋەندىكىچە: 2-سۈرە سۈرە «بەقەرە» (يەنى كالا)، 16-سۈرە سۈرە «نەھل» (يەنى ھەسەل ھەرىسى)، 27-سۈرە سۈرە «نەمل» (يەنى چۈمۈلە)، 29-سۈرە سۈرە «ئەنكەبۇت» (يەنى ئۆمۈچۈك).

29. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان كۇففارلارنىڭ ئىسىملىرى: جالۇت — سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 251-ئايەت؛ ئەزەر — سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 74-ئايەت؛ ئەلسامىرى — سۈرە «تاھا» (20-سۈرە)، 95-ئايەت؛ قارۇن — سۈرە «قەسەس» (28-سۈرە)، 76-ئايەت؛ فىرئەۋن بىلەن ھامان — سۈرە «غافىر» (40-سۈرە)، 36-ئايەت؛ ئەبۇلەھەب — سۈرە «مەسەد» (111-سۈرە)، 1-ئايەت.

30. قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك رولىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، قېتىم سانى ئوخشاش تىلغا ئېلىنغان سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

ئەر بىلەن ئايالدىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۆز قۇرئاندا ئوخشاشلا 24 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان سان بىر ۋە يەتتە.

قۇرئان كەرىمدە بىر يىلدا 12 ئاي بولغاندەك، ئاي سۆزى 12 يەردە زىكرى قىلىنغان. كۈن سۆزى(يەۋم) بىر يىل 365 كۈن بولغىنىدەك 365 قېتىم زىكرى قىلىنغان. دۇنيا سۆزى بىلەن ئاخىرەت سۆزى تەڭ نىسبەتتە 115 قېتىم زىكرى قىلىنغان.

مەلەك(پەرىشتە) 88 قېتىم، شەيتان 88 قېتىم تەكرارلانغان.

ھايات بىلەن مامات 145 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان.

جەننەت 77 قېتىم، جەھەننەم 77 قېتىم تەكرارلانغان. (دوكتور تاھە ئابدۇررەئۇف سەئد بىلەن سەئد ھەسەن مۇھەممەد تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قۇرئان كەرىمدىن 175 سوئال-جاۋاب» ناملىق كىتابتا "جەننەت 66 قېتىم، دوزاق 126 قېتىم تىلغا ئېلىنغان" دەپ قەيت قىلىنغان).

قۇرئان كەرىمدە يەھۇد سۆزى 8 قېتىم، ناسارا سۆزى 14 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

ياخشى ئەمەل بىلەن يامان ئەمەل 167 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان.

ياخشى كۆرۈش(دوست تۇتۇش) بىلەن بويسۇنۇش(ئىتائەت قىلىش) 83 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان.

توغرا يول بىلەن رەھىمدىللىك 79 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان.

جاپا-مۇشەققەت بىلەن سەۋر-تاقەت 102 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان.

سېھىرگەرلىك بىلەن گۇمراھلىق 60 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان.

ئەقىل-پاراسەت بىلەن نۇر 49 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان.

تىل بىلەن ئىسلامى دەۋەت 25 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان.

يامان كۆرۈش بىلەن خەۋپ-قورقۇنچ 8 قېتىمدىن

تىلغا ئېلىنغان .

ئىبلىس بىلەن ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەش 11 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان .

ئىخلاسمەن - تەقۋادار مۆئمىنلەر بىلەن ئاللاھ يولىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش 41 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان .

ئۆسۈملۈك 26 قېتىم ، دەرەخ 26 قېتىم تەكرارلانغان .

ياز - ئىسسىق 5 قېتىم ، قىش - سوغۇق 5 قېتىم تەكرارلانغان .

جازا 117 قېتىم ، ئەپۇ قىلماق 2×117 تەكرارلانغان .

يەتتە ئاسمان 7 قېتىم ، ئاسمانلارنىڭ يارىتىلىشى 7 قېتىم تەكرارلانغان .

زاكات 32 قېتىم ، بەرىكەت 32 قېتىم تەكرارلانغان .

شاراپ 6 قېتىم ، مەستلىك 6 قېتىم تەكرارلانغان .

رەھمەت 79 قېتىم ، ھىدايەت 79 قېتىم تەكرارلانغان .

نامراتلىق 13 قېتىم ، بايلىق 2×13 تەكرارلانغان .

ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم ، قۇرئان كەرىمدىكى بىز بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ ، قۇرئان كەرىمنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى ئىنسانلار مەڭگۈ تولۇق بىلىپ بولالمايدۇ . بۇ ماقالىمىزدا تىلغا ئالغانلىرىمىز پەقەت دېڭىزدىن سۈزۈۋېلىنغان بىر قەترىدۇر ، خالاس . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز قۇرئان كەرىمنى داۋاملىق قەدىرلەپ ئوقۇش ، مەنە - مەزمۇنلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش ، ھاياتىمىزغا تەتبىقلاش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى .

ئى ئاللاھ! بىزگە قۇرئان كەرىمنىڭ مەنالىرىنى چۈشىنەلىگۈدەك ئەقىل ۋە مەنپەئەتلىك ئىلىم ئاتا قىلغىن ، قۇرئان كەرىمنى قىيامەت كۈنى بىزنىڭ پايدىمىز ئۈچۈن ھۆججەت قىلىپ بەرگىن ، زىيانكارلار قاتارىدىن قىلىپ قويمىغىن ، ئامىن!

پايدىلانمىلار:

1 .دوكتۇر تاھە ئابدۇررەئۇف سەئد بىلەن سەئد ھەسەن مۇھەممەد تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قۇرئان كەرىمدىن 175 سوئال - جاۋاب» ناملىق كىتاب .

2 .ئۆمەر چېلىكنىڭ «قۇرئان كەرىمنىڭ سىرلىرى» ناملىق كىتابى .

3 .ئادىل ھاجى كېرىم: «قۇرئان كەرىمدىن سوئال - جاۋاپلار» ناملىق كىتاب .

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن ؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

---

## كۇچا ناھىيەسى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى

كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيەنىڭ دىنى خىزمەت فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنىنى تەربىيەلەش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ناھىيە بويىچە 187 جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام - خاتىپلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى مەكتىپىدە بىر ئايدىن ، يەتتە قارار تەربىيەلەشنى يولغا قويدى . ئۇلارنىڭ ياتاق ، تاماق ، قاتناش قاتارلىق بارلىق خىراجەتلىرىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ناھىيە مالىيەسىدىن 1 مىليون 2 يۈز مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى . بۇنىڭدىن باشقا يەنە ، ئادەتتىكى مەسچىتنىڭ ئىماملىرىنى 6 كۈندىن ، 13 قارار مەخسۇس تەربىيەلەش ئېلىپ باردى . (روزى مۆيدۈن خەۋىرى)

## كۇچا ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا

يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپى ئورۇنلارنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ناھىيەلىك پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۇچا ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلىپ ، ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى بارلىققا كەلدى . نۆۋەتتە ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە ، ھۆكۈمەت بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە . ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى يېزا(بازار) ، مەيدان ، كوچا ئىش باشقارمىلىرىدا 20 قارار تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلىپ ، 2500 دىن ئارتۇق ئېتىقادچى ئامما تەربىيەگە ئىگە قىلىندى .

(روزى مۆيدۈن خەۋىرى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئەرەبلەرنىڭ 100 يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

مۇھەممەد ئابدۇرېھىم

ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىدا، ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرق ۋە غەربدە ئەھمىيەتلىك بولغان، ئىككى قېتىملىق تەرجىمە ھەرىكىتى مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىقى، مىلادىيە 8 — 10 ـ ئەسىرلەردىكى، يەنى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى باغدادنى مەركەز قىلغان 100 يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى؛ ئىككىنچى قېتىملىقى بولسا مىلادىيە 11 — 13 ـ ئەسىرلەردىكى ئىسپانىيە تورىدودىكى تەرجىمە مەدرىسىنى مەركەز قىلغان تەرجىمە ھەرىكىتى. بۇ ماقالىدە چۈشەندۈرۈلىدىغىنى ئالدىنقىسىدۇر.

ئەرەبلەرنىڭ 100 يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى — ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە باغدادنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، چەتئەللەرنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى كلاسسىك ئىلمىي ئەسەرلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان، ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخىدىكى چوڭ بىر مەيدان تەرجىمە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئابباسىيلار دەۋرىدىكى ئەرەبلەر تەرجىمە قىلغان كلاسسىك ئەسەرلەر، ئاساسەن پېرسىيە، ھىندىستان ۋە يۇنانلاردىن كەلگەن بولۇپ، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىك، مېتال تاۋلاش، خىمىيە، ماتېماتىكا، مەنتىق(لوگىكا)، پەلسەپە، مۇزىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ ھەرىكەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە قانداق ئامىللار سەۋەب بولغان؟

بۇ ھەرىكەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەينى چاغدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ئېھتىياجى، دىنىي قوغداش ئېھتىياجى ھەمدە خەلىپىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى قاتارلىق ئامىللار ئاساسلىق سەۋەب بولغان.

مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، بىپايان، كەڭ ئەرەب ـ ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئەرەبلەر سۈرىيە، يۇنان، رىم، پارس ۋە ھىندى مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەندىكى ئىلغار تەرەپلىرىنى، بولۇپمۇ پەلسەپە ۋە لوگىكىسىنى تەھلىل قىلىشقا، قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۈللەنگەن، كۈچەيگەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تىكلەنگەندىن كېيىن كىشىلەر پەلسەپە ۋە لوگىكىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئەقلىي بىلىش بىلەن لوگىكىلىق تەھلىلنىڭ قىممىتىگە كۈندىن ـ كۈنگە ئەھمىيەت بەرگەن، يەنى دىنىي قوغداش ۋە تارقىتىشتا ئارىستوتېلنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى دەلىللىگەن. شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەمدە يېڭى مەدەنىيەت — ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ قالغان.

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitab.com

ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېلىپ ئېيتساق، كۆپ مەنبەلىك ئىجتىمائىي ھايات ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە ئېھتىياجلىق بولغان. پۈتكۈل خەلىپىلىكنىڭ مالىيە كىرىمىنى تەپسىلىي ھېسابلاش، ئىلمىي باشقۇرۇش ئاساسىغا ئىگە بولۇش قاتارلىقلار مەدەنىيەت بىلىمىگە ئېھتىياجلىق بولغان. شۇ چاغدىكى پارسلار پەننىي بىلىمگە ۋە بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەن، مۇھىم ئەمەللەردە بولۇپ چوڭ ھوقۇقلارنى تۇتۇپ، پۈتكۈل خەلىپىلىكنى ھەرىكەتلەندۈرگەن. بۇ، ئەرەبلەرگە مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ مۇھىملىقىنى سەگەكلىك بىلەن تەدرىجىي تونۇتقان. خەلىپىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە خەلىپىلىككە تېخىمۇ ئۇنۇملۇك تۈردە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بىلىشكە جىددىي قارىغان، ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان، ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئىلمىي كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ۋەزىيەت تەقەززا قىلغان مۇھىم بىر ئىشى بولۇپ قالغان.

دىنىي قوغداش ئېھتىياجىغا كەلسەك، مۇسۇلمانلار رىقابەتچىسى بولغان ۋە خېلى بۇرۇنلا ئۆزلىرىنى يۇنان پەلسەپىسى ۋە لوگىكىسى بىلەن قوراللاندۇرىۋالغان يەھۇدىي دىنى، خرىستىيان دىنى، مەجۇسىي دىنى مۇرتلىرى بىلەن بولغان مۇنازىرە ۋە كۈرەشتە ئۈستۈن تۇرۇش ئۈچۈن، پەلسەپە ۋە لوگىكىنى ئىگىلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، پەلسەپە ۋە لوگىكىغا ئالاقىدار ئەسەرلەر ئارقا-ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئەرەب يېزىقىدىكى نۇرغۇن نۇسخىلىرى كەينى-كەينىدىن مەيدانغا كەلگەن. مۇسۇلمانلار يۇنان پەلسەپىسى ۋە لوگىكىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا، تەپەككۇرنىڭ لەززىتىنى ۋە تەمىنى تېتىپ قېلىپ، پەلسەپە ۋە لوگىكىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئەڭ دەسلەپتە تەدرىجىي ھالدا پەلسەپە ۋە لوگىكىنى ئىسلام دىنىنى قوغدايدىغان بىر خىل ۋاستە قىلىپ، ئاندىن پەلسەپە ۋە لوگىكىنى ئۆزىنى تەتقىق قىلىشقا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى ۋە لوگىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە تەرجىمە ھەرىكىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، دۆلەتنىڭ تىنچ، خەلقنىڭ خاتىرجەم بولغانلىقىدىن باشقا، ھۆكۈمەتنىڭ پەن تەتقىقاتقا ئىلھام بېرىدىغان تەرەققىيپەرۋەر سىياسەتنى يولغا قويغانلىقى ۋە خەلىپىلەرنىڭ بۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى خەلىپىلىرى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلمىي تەرجىمە ۋە تەتقىقاتنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغان، قوللىغان، مەدەت بەرگەن.

ئىككىنچى خەلىپە مەنسۇر(مىلادىيە 754-يىلىدىن 775-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ھەممىدىن بۇرۇن ئىلمىي تەتقىقاتقا كۆڭۈل بۆلگەن خەلىپە بولۇپ، ئۇ بۇيرۇق قىلىپ بىر تۈركۈم تېبابەت ۋە ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت پارسچە ئەسەرلەرنى ھەمدە پتولېمىنىڭ «دىۋانۇ ئاسترونومىيە»، «تۆت مەجمۇئە»، ئېئۇسلىدىنىڭ «گېئومېترىيە قائىدىسى»، گرېئېن ۋە ھىپپوگراتلارنىڭ مۇھىم تېببىي ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇرغان. مەنسۇر يەنە فەزارىگە ھىندىستاننىڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي ماقالىسى «سىند-ھىند»نىمۇ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇرغان.

بەشىنچى خەلىپە ھارۇن رەشىد(مىلادىيە 786-يىلىدىن 809-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) باغداد كۇتۇپخانىسىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭدا سىرتتىن قولغا كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن كىتابلارنى ساقلىغان. ھارۇن رەشىد ھەرقايسى ساھەدىكى ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەپ، ئىلمىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تەرجىمە ئىشلىرىنى قوللاپ ھەم ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ، بىر تۈركۈم يۇنان، پېرسىيە، ھىندىستان مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئالىم ۋە تەرجىمانلارنى ھازىرلىغان. شۇ چاغدىكى تەرجىمانلار تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنىڭ دائىرىسىنى ئېچىپ، لوگىكا، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، پەلسەپە قاتارلىق ئەقىل ئۇرغۇتىدىغان ۋە تەبىئىي پەنگە ئائىت كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

يەتتىنچى خەلىپە تەختتىكى دەۋر(مىلادىيە 813-

يىلىدىن 833 - يىللىرى) ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، يەنى تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدا باغداد، جۇندەيسافۇر، ئىسكەندىرىيە، ھالان، ئەنتئوك، لوھا(ئىدسا)، نەيتۇبى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ تەرجىمە ھەرىكىتى ئەۋجىگە چىقىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. مەئمون ئۆزى بىر ئىلىم ئەھلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالىملارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىگە، ئېسىل كىتابلارنى يىغىشقا ۋە تەرجىمە قىلىشقا ئىلھام بەرگەن. مەئمون مىلادىيە 830 - يىلى، 200 مىڭ دىنار سەرپ قىلىپ، ئەسلىدىكى باغداد كۇتۇپخانىسى ئاساسىدا داڭلىق ”دارۇلھېكمەت“(ئىلىم - پەن سارىيى)نى قۇرغان. بۇ بىر ھۆكۈمەت بىۋاسىتە كونترول قىلىپ تۇرىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىق تەرجىمە ئىدارىسى، تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ۋە ئىلمىي ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەرقايسى جايلاردىن كېلىپ توپلاشقان نەچچە يۈزلىگەن ئالىم، تەرجىمان، كۆچۈرگۈچىلەر تەرجىمە قىلىش، تەپسىر قىلىش، سېلىشتۇرۇش ھەم ئەسەر يېزىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان.

چەتئەلنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش خەلىپە مەئمۇن بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە مەئمۇننىڭ زامانىدىكى مۇسا ئىبنى شاكىرنىڭ ئوغۇللىرى بولغان مۇھەممەد، ئەھمەد، ھەسەنلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بايلارمۇ ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇلار كۆپ پۇل سەرپ قىلىپ، نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇرغان.

بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام ھۆكۈمىتى ھەققىي قابىلىيەت ۋە بىلىمگە ئىگە كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سەرگۈزەشتىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي، ئېتىبار بىلەن قارىغان ۋە ئۇلارنى دادىللىق بىلەن ئىشلەتكەن.

ئەرەبلەر تەرىپىدىن تەرجىمانلارنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتالغان ھۇنەين ئىبنى ئىسھاق ھىرە شەھىرىدىكى نېستورى دىنىنىڭ مۇخلىسى بولۇپ، ئۇ خەلىپە مەئمون تەرىپىدىن كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقلىقىغا ۋە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. خەلىپە مەنسۇرنىڭ ئوردا تېۋىپىمۇ خرىستىئان دىنى نېستورى مەزھىپىنىڭ ئېتىقادچىسى بولغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ھەققەتەنمۇ ئىسلام پەن - مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە، پارلاق ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى يېتىشتۈرۈشكە سىگنال بولغان يۇقىرىقى ئېھتىياجلارنىڭ ھەممىسى ئابباسىيلار دەۋرىدىكى بۇ ”تەرجىمە ھەرىكىتى“نىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولغان.

ئەرەبلەرنىڭ بۇ تەرجىمە ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئەھمىيەت بېرىۋاتقان ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىگە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە بۇ ھەرىكەت ئۇنىڭدىن بۇرۇن باشلانغان. ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكى دەۋرىدىلا بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ئالىملار ئۆزلىرىگە بىۋاسىتە پايدىسى تېگىدىغان دۇنيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتكە دائىر ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە چەتئەللەرنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئەرەب يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە ھەم شۇغۇللىنىشقا باشلاپ، پېرسىيە، ھىندىستان ۋە يۇنان قاتارلىق جايلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرغان. ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمەلەرنىڭ مەزمۇنى تېبابەت، مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەنلەرگە ئائىت گرېكچە، قەدىمى سۈرىيەچە ۋە قىبتىچە ئەسەرلەر بولغان. لېكىن، ئۇ چاغدىكى تەرجىمە ھەرىكىتى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە دۆلەت سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا چەكلىملىككە ئىگە بولغان. ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدە تەرجىمەنى پەقەت خەلىپە مۇئاۋىيەنىڭ نەۋرىسى خالىد ئىبنى يەزىد قاتارلىق ئاز سانلىق ئادەملەر تەشكىللىمىز ھالدا ئۆزلىرى پايدىلىنىش ئۈچۈن قىلغان. ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىگە كەلگەندىلا تەرجىمە ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، تەرجىمە گۈلزارىدا بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن.

ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (750 — 847 - يىللار) ھەرقايسى جەھەتتىن گۈللەنگەن بىر مەزگىل بولغاچقا، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئىشەنچلىك ماددىي ئاساس ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ھازىرلانغان. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسى ئەرەبلەرگە تارقىلىپ ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى، كۆچۈرۈلۈشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىغا زور قولايلىقلارنى كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تەرجىمە ئىشلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، زىلزىلە

قوزغىغان ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخىدىكى مەشھۇر 100 يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتىنى شەكىللەندۇرگەن.

پارسلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ تىكلەنگەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىلىرى ئالدى بىلەن پارس كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن، شۇڭا ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پارسچە ۋە ئەرەبچىگە پىششىق نۇرغۇن ئالىملار تەرىپىدىن پېرسىيەنىڭ ئاساسلىق كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بولغانلىرى: پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىش ۋە ھالاك بولۇش تارىخى بايان قىلىنغان «پېرسىيە پادىشاھى ھەققىدە خاتىرە»، پېرسىيەنىڭ تۈزۈمى، ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى تونۇشتۇرۇلغان نەچچە مىڭ بەتلىك كاتتا ئەسەر «ئەيىننامە»، ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئەسەر «كەلىلە ۋە دىمنە» قاتارلىقلار بار. «كەلىلە ۋە دىمنە» بىر مەسەللى قىسسە بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر نامى «ھىندى مەسەللىرى». بۇ كىتابنىڭ ھازىرقى ئەرەبچە نۇسخىسى ناھايىتى ئەتىۋارلىق بولۇپ، ھەرخىل تىلدىكى تەرجىمىلەرنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ كىتاب بۈگۈنگە قەدەر 40 نەچچە خىل يېزىققا تەرجىمە قىلىنغان.

پارس كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىكى ئەڭ داڭلىق تەرجىمشۇناس ئىبنى مۇزەففەر(تەخمىنەن 724 ـ يىلىدىن 760 ـ يىللار) بولۇپ، ئۇ ئاساسلىق ئەسەرلەردىن «پېرسىيە پادىشاھى ھەققىدە خاتىرە» قاتارلىق ئون نەچچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپلا قالماي، يەنە «بۈيۈك ئەدەبىيات» قاتارلىق بىر نەچچە ئەسەر يازغان.

پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن ھەرقايسى جەھەتتىكى تەسىرى كەڭ ھەم چوڭقۇر بولغان، سىياسىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەرەبلەر پارسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى دوراپ ۋەزىر، باش ۋەزىر ئەمەللىرىنى تەسىس قىلىپ، پېرسىيە ساسانىد سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى قوللانغان. ئىلمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پارسلار ئىنتايىن يۇقىرى مەدەنىيەت تەربىيەلىنىشىگە ۋە خاتىرە قالدۇرۇش، ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسىگە ماھىر بولغاچقا ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن ۋە ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ھەرقايسى ئىلىم ساھەسىدە نوپۇزىنى تىكلىگەن.

ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ناھايىتى نۇرغۇن ھىندى كلاسسىك ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە ئۇنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى زور بولغان. ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئاساسلىقى ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك ۋە ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئەرەبلەر يۇنان ماتېماتىكىسى ۋە ئاسترونومىيە گەۋھەر ئامبىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى، ھىندىستانلىقلاردىن ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. خەلىپە مەنسۇر ھىندىستانلىق ئالىم بەرھەمەكات يازغان ئاسترونومىيە جەھەتتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر «سىند ھىند» دېگەن كىتابنى فەزارىغا پەرمان قىلىپ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇرغان. بۇ ئەسەردە ئاسمان جىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ يورۇق ـ تۇتۇلۇقىدىن ئىبارەت تەبىئەت ھادىسىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئەرەب ئاسترونومىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان فەزارىمۇ ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھام ئېلىپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى ئاسترونوم بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەرەبلەر يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى ھېسابلاش قائىدىسىنى ئىگىلىگەن. فەزارى يەنە شۇ كىتاب ئاساسىدا «ئاسترونومىيىلىك كالېندار جەدۋىلى»نى تۈزۈپ چىققان.

بۇ ھىندىستان ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەب ـ ئىسلام ئاسترونومىيىسىنىڭ ئىلگىركى تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھىندىستان ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا بىلىملىرى ئەرەبلەرنىڭ بۇ ئىككى ئىلىمگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن پتولېمى بىلەن ئېئوسلىدنىڭ ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ ھەم چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، ئەل خارەزمى، ئەل بەتتانى، ئەل بەيرۇنى قاتارلىق بىر تۈركۈم داڭلىق ماتېماتىك ۋە ئاسترونوملار مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت بۈگۈنگە قەدەر دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان "ئەرەب رەقەمى"نىڭ نۆل رەقەمى ۋە ئۇنىڭ ئونلۇق ئۆلۈشلەر خانىسى ئۇسۇلىنىمۇ ئەرەبلەر ھىندىستاندىن كىرگۈزۈپ ئاندىن غەربكە تارقاتقان. نۆلنىڭ بەلگىسى ھىندىستاندا

ئەسلى چېكىت(.) بولۇپ، غەربكە تارقالغاندىن كېيىن چەمبەر(0)گە ئۆزگەرتىلگەن. بىراق، ئەرەبلەر ھازىرغا قەدەر داۋاملىق تۈردە چېكىت(.)نى ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

تېبابەتچىلىكتە، ئەرەبلەر ھىندىستاننىڭ ئىككى مۇھىم تېبابەت ئەسىرى —— «سوسرودو» بىلەن «چاكار تېبابەت مەجمۇئەسى»نى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان. باغداد، جۇنەيد سافۇر قاتارلىق جايلاردىكى شىپاخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ھىندىستانلىق تېۋىپلار دەرس ئۆتكەن ياكى تېۋىپلىق قىلغان. خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئوردا تېۋىپى، مەشھۇر تېۋىپ جەبرىل ئىبنى بەختىشۇ بەزى كېسەللەرگە ئامال قىلالمىغان چاغدا، ھىندىستانلىق تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ دىئاگنوز قويدۇرغان. بۇنىڭدىن ھىندىستان تېبابەتچىلىك ماھارىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەدەبىيات جەھەتتە، ئەرەبلەرنىڭ ھىندىستاننىڭ تەسىرىگە ئەڭ زور ئۇچرىغىنى ئەقلىيە سۆزى، ھېكايە چۆچەكى، سۆزلۈكلەر بولغان. ھىندىستاننىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ماقال-تەمسىللىرى بەك يېقىن كېلىدىغان بولۇپ سۆزى ئاددىي، مەنىسى چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك ئىدى. ھىندىستان ئەقلىيە سۆزلىرى ئەرەبچىگە كىرگەندىن كېيىن قوشۇلۇش، تولۇقلىنىش، رەڭ تۈزەش ئارقىلىق ئەرەب ئەدەبىيات گۈلىستانىدىكى گۈللەرگە ئايلانغان. ھىندىستاننىڭ چۆچەكلىك ھېكايىلىرىنى ئەرەبلەر ناھايىتى ياقتۇرغان، داڭلىق «كەلىلە ۋە دىمنە»، «سىندباد ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن. ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان، تەسىرى چوڭ بولغان باشقا ھىندىستان ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن يەنە: «ئابىننىڭ ئەقىل-پاراستى» قاتارلىق بەش ئەسەرمۇ بار.

يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ناماياندىسى بولغان كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى كەڭ دائىرىلىك ۋە ئۇنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ئاياغلاشقاندا، قەدىمىي يۇنان ئىلىم-پەن كلاسسىك ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئارىستوتېلنىڭ قۇرال پەنلەر نەزەرىيەسى ئىچىدىكى لوگىكىغا ئائىت «كاتېگورىيە»، «بەس-مۇنازىرە»، «شەرھى» قاتارلىق 28 ئەسىرى؛ گرېئىننىڭ «ئاناتومىيە»(يەتتە جىلد)، «ماھارەت» قاتارلىق تېبابەتكە ئائىت بارلىق ئەسەرلىرى؛ ھىپپوكرات بىلەن پائۇلىنىڭ تېبابەتكە ئائىت بارلىق ئەسەرلىرى؛ پتولېمىينىڭ «ئاسمان جىسىملىرى قامۇسى»، «جۇغراپىيە»، «ئوپتىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە باشقا ئالىملارنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

يۇنان كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمەشۇناسلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقلىرى ھۇنەين ئىبنى ئىسھاق بىلەن سابىت ئىبنى گولاي ئىدى.

ھۇنەين ئىبنى ئىسھاق(مىلادىيە 809-يىلىدىن 877-يىلىغىچە) ئەرەب مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەرجىمشۇناس ۋە داڭلىق ئالىم بولۇپ، «تەرجىمەشۇناسلارنىڭ پېشقەدىمى» دەپ ئاتالغان ۋە ئىلىم-پەننىڭ پىرى، ئەخلاقنىڭ بۇلىقى دېگەندەك كاتتا ناملارغا مۇيەسسەر بولغان.

ھۇنەين تەرجىمە قىلغان كۆپ ساندىكى ئەسەرلەر تېببىي ئەسەرلەر بولۇپ، ئوگرېئېن يازغان بارلىق ئەسەرلەرنى قەدىمى سۇرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ يەنە ئۇنىڭ ئىچىدىكى 39 كىتابنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئارىستوتېل بىلەن پىلاتوننىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرىنىمۇ تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ تالىپلىرى قەدىمى سۇرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئالتە ئەسەرنى ۋە ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان 70 ئەسەرنى تەھرىرلەپ چىققان.

ئومۇمەن، ھۇنەين ئىبنى ئىسھاق ئەرەب ئوقۇرمەنلىرىگە يۇناننىڭ ئەقىل-پاراسەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرغان ئەڭ داڭلىق شەخس، ئۇنىڭ ئىلمىي ساھەدىكى تۆھپىسىنى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىل ئىچىدىمۇ، ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

سابىد ئىبنى گولاي(تەخمىنەن مىلادىيە 836-يىلىدىن 901-يىلىغىچە) تەرجىمانلارنىڭ داھىيسى بولۇپ، ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيەنى تەرجىمە قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان. ئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرىكىلەر تەرجىمە قىلماق قىيىن، دەپ تەرجىمە قىلمىغان ئەسەرلەردۇر. سابىد تەرجىمە قىلغان مۇھىم ئەسەرلەردىن پتولېمىنىڭ «جۇغراپىيە»(8 جىلد)، ئارخىمېدنىڭ «شار ۋە سىلىندىر توغرىسىدا»،

www.uyghurkitap.com

ئاپوللونىراسنىڭ «كونۇس ئەگرى سىزىقى» قاتارلىقلار بار.

باشقا داڭلىق تەرجىمەشۇناسلاردىن يەنە: ئەبۇ يەھيا ئىبنى بۇترىق، يەھيا ئىبنى ماسىۋى، ھەججاج ئىبنى يۇسۇف ئىبنى مەيتۇل، گوستا ئىبنى لوگا قاتارلىقلارمۇ بار.

يۇنان كلاسسىك تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت بۇ يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كەلسەك، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئەرەبلەرگە ۋە ئەرەب ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاساسلىقى يۇنان لوگىكىسىنىڭ تەسىرى بولغان. ئەرەبلەر خېلى بۇرۇنلا لوگىكىغا ھەۋەس قىلغان، ئىبنى سىنا لوگىكىنى "ئىلىم-پەننىڭ چاكىرى" دەپ ئاتىغان، ئىبنى مۇجەففا ئالدى بىلەن پارسچىدىن ئارىستوتېلنىڭ لوگىكا ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان، كېيىن كۆپ تەرجىمانلار ئۆزلۈكسىز ھالدا گرېكچىدىن ياكى قەدىمى سۇرىيەچىدىن لوگىكىغا ئالاقىدار ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ھەم چوڭقۇر، تولۇق تەپسىرلەرنى بەرگەن. لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئابباسىيلار دەۋرىدە ناھايىتى زور نوپۇزى بار بولۇپ، ئەينى چاغدىكى مۇلاھىزە، تەتقىقات، ئىپادىلەش ھەم دەلىللەش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى لوگىكىلىق تۈسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، يۇنان مەدەنىيىتى ئەرەب ئىلمىگە مەزمۇن جەھەتتىنمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

پەلسەپە جەھەتتە، تەرجىمە ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، يۇناننىڭ زور تۈركۈمدىكى پەلسەپە ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئارىستوتېل ۋە پىلاتوننىڭ ئەسەرلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشكەن، مۇشۇ ئاساستا ئىسلام پەلسەپىسى تېزدىن تەرەققىي قىلغان. يۇنان پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى مۇسۇلمان ئالىملار پەلسەپە بىلەن دىننى ماسلاشتۇرۇشقا ئىنتىلگەن، بۇ فارابى بىلەن ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

تەبىئىي پەن جەھەتتە، ئەرەبلەر يۇنان ماتېماتىكىسى، ئاسترونومىيەسى، تېبابىتى، فىزىكىسى، مېخانىكىسى، جۇغراپىيەسى قاتارلىق بىلىملەرنى ئەتراپلىق سىستېمىلىق ئۆگەنگەن، بۇ پەنلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى قوبۇل قىلغان، بۇ پەنلەرنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، بۇ بىلىملەر ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالغان. بۇ ئاساستا، ئەرەبلەر بۇ پەنلەرنىڭ خاتا ياكى ناباب يەرلىرىنى تولۇقلىغان ۋە تۈزىتىش كىرگۈزگەن ھەمدە بەزى يېڭى پەن، يېڭى نەزەرىيەلەرنى ياراتقان.

تىل-ئەدەبىيات جەھەتتە، ئەرەبلەر گرېك تىلىدىن زور مىقداردا پەننىي ئاتالغۇلارنى ۋە بەزى ئەمەلىي قوللىنىدىغان ئىسىملارنى قوبۇل قىلغان، بۇنىڭ بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ سۆز فوندى بېيىغان، ئەرەب تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچەيگەن. دېمەك، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئەرەبلەرگە ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ بىلىمنى موللاشتۇرغان، ئىدىيەسىنى ئازاد قىلغان، بىلىمگە ئىنتىلىشىنى قوزغىغان. ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىگە نۇرغۇن پەنلەر بىلەن ئاساس ھازىرلىغان.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە باغدادنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەتكە پايدىلىقلىقى ئىلىم بولسا مۇسۇلمانلارنى ئۇنى ئۆگىنىشكە تەرغىب قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان تارىختىكى بىر مەيدان مەشھۇر تەرجىمە ھەرىكىتى — ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم ناماياندە، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور بىر ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى ھازىرلاپلا ۋە ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئاساس يارىتىپلا قالماي، ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن، چاقنىغان يېڭى دەۋرىنى ئېلىپ كەلگەن ھەمدە شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئالغا سۈرگەن، تونۇشتۇرغان ھەم كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن ياۋروپانىڭ ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن، تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە تۆھپە ياراتقان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)



# قاراقاش ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

توختىمۇھەممەت نۇرمۇھەممەتنۇر

قاراقاش ھېيتگاھ جامەسى بۇندىن 200 يىل بۇرۇن سېلىنىپ، 90 يىل ئىلگىرى كېڭەيتىپ رېمونت قىلىنغان دەپ قەيت قىلىنىدۇ. ھىجرىيەنىڭ 1205 - يىلى (مىلادىيە 1790 - يىللىرى) قاراقاشتا باغدات، سەمەرقەنت ئۇسلۇبىدىكى نۇسخىلار ئاساسىدا مەدرىسە، مەسچىت، خانىقا، مازار، گۈمبەزلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇ دەۋرلەردە قاراقاشلىق توختى قۇزا ئەرباب، مەمەتىمىن بەگ، مەمەت ئەيسا قاتارلىق ئوقۇمۇشلۇق يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇشتۇر خەلپە ئۆز مەبلىغىگە تايىنىپ قاراقاشنىڭ تاناي بېشى گۈزە يول ئېغىزى (ھازىرقى ناھىيەلىك سودا ئىدارىسىنىڭ ئورنى) دا قاراقاش بويىچە تۇنجى ھېيتگاھ جامەسىنى تەمىر ئەتكەن. 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى قاراقاشلىق ئەمەت ھاجى ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ياردىمى بىلەن قاراقاش ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ جامە ئىچىگە مېيىت نامىزى ئوقۇش مەيدانى، مېيىت يۇيۇش، مۇھاپىزەت قىلىش ئۆيلىرىنى سېلىپ جامەنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 مېتىر، توغرىسى 25 مېتىر كېلىدىغان، 5000 جامائەت ئازادە سىغىدىغان 10 موغا يەتكەن. جامەنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشى قەشقەر ھېيتگاھ جامە قۇرۇلۇشىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ياغاچلىرى خىل، ئۈستى جۈپ ۋاسىلىق، ئوتتۇرا توسانجىسى ياغاچ توقۇلما، دەۋەزەن، تام، تاقىنىڭ ئۈلى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، ياغاچ ۋە تاملىرىغا نەپىس ئويما نەقىشلەر چېكىلىپ سىر بېرىلگەن، بۇ جامە ئەينى دەۋردىكى قاراقاشنىڭ بىردىنبىر كاتتا دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ كۈندىلىك بەش ۋاق نامازدىن باشقا جۈمە، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامازلىرى ئوقۇلاتتى. 1968 - يىلى 8 - ئايدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقىدا ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى كەنتلەرنىڭ ئاممۋى تەشكىلاتلىرى كېچىدە خۇپىيانە ھالدا جامە قۇرۇلۇشىنى يىقىتىپ كەتكەن.

دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، گوۋۇيۈەن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججىتىگە ئاساسەن، قاراقاش ناھىيىسى قاراقاش ھېيتگاھ جامەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەستىق چۈشۈردى. ناھىيەلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى 1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 4 - نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ يۇقىرىدىكى قارار بويىچە

مەسچىت - مەدرىسلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقى شىمالى تەرىپىدىكى يىپ بازىرى كوچا ئېغىزىدىن 9مو 13پۇڭ يەر ئورنى كۆرسىتىپ بېرىلدى. 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان يېڭى ھېيتگاھ جامە قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. قۇرۇلۇش لايىھەسى باشتىن - ئاخىر خىش، بېتون قۇرۇلما بىلەن ئىشلىنىپ، ئوت، سۇ، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ پىلانلاندى، قۇرۇلۇش ئورنىنى كۆتۈرۈش، ئۇلنى كولاش ئىشلىرىغا 3000دىن ئارتۇق كىشى خالىسانە ئەمگەككە قاتناشتى، ئاپتوموبىل، تراكتور، ھارۋىدا 4780 كۇپ مېتىر توپا يۆتكەپ كېلىندى. 7741 يۈەن قىممىتىدىكى تاش، شېغىل، ياغاچ، تۆمۈر قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار ئىئانە قىلىنىپ، ئەمگەك كۈچى، توشۇش ھەققى بولۇپ 28866 يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلىندى، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇلۇش ئىشلىنىۋاتقان تۆت يىلدا ناھىيە بويىچە سويۇلغان قۇربانلىق قويىنىڭ تېرە، ئۈچەيلىرىمۇ جاي - جايلاردىن جامە قۇرۇلۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 1989 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دەسلەپكى باسقۇچلۇق جامە قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن 10مىڭدىن ئارتۇق ئەر - ئايال جامائەت قاتناشقان داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇراسىمى جامە مەيدانىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

جامە قۇرۇلۇشى غەربتىن شەرققە قارىتىپ ئىشلەنگەن بولۇپ شىمال تەرىپىدە 3 چوڭ دەرۋازا، جەنۇبى تەرىپىدە يان ئىشىك قويۇلغان. جامەنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، كەڭلىكى 36 مېتىر كېلىدىغان 3مو 6 لى كۆلەمدە ئىچكى تاشقى يان ۋە ئۇدۇلدىكى خانىقا، مېھراب، مۇنبەرنىڭ ھەممىسىگە ئېلېكتر ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلىپ، خاتىپ، ئىمامنىڭ تەبلىغى، خۇتبە ئوقۇيدىغان مۇنبەردە سىمسىز مىكروفون ئىشلىتىلدى، مېھرابتىن ئايۋانغىچە كۆن نۇرى چىرىغى تارتىلغان، تام بويلاپ ئۇيۇق تەكچىلەر گەجدىن نەقىشلەپ ئىشلەنگەن، سېمونت تۈۋرۈكلەر ئارقىلىق تۆشۈكلۈك بېتون تاختايدا ئۈستى يېپىلىپ، رەڭدار نەقىشلەر چېكىلگەن. مېيىت نامىزى ئوقۇش، قاتناش ۋاستىلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ئاسفالت مەيدانىغا ئارىلاپ گۈل ئېتىزلىرى ياسىلىپ ھەرخىل گۈل - گىياھ زىننەت دەرەخلىرى ئەھيا قىلىنغان، ئەر - ئاياللار ھاجەتخانىسى، ئىستىنجا - تاھارەتخانا ئۈچۈن 146 دانە تۇرۇبا جۈمكى ئورنىتىلغان، 4 تونىنلىقتىن ئىككى پار قازىنى قۇراشتۇرۇلۇپ قىش كۈنلىرى تاھارەت ئېلىش ئاسانلاشتۇرۇلۇپ، كېچە - كۈندۈز تۇرۇبا سۈيى ئۈزۈلمەي، جامائەتلەرنىڭ پاك تاھارەت بىلەن ئىستىقامەت قىلىشىغا قۇلايلىق شارائىت يارىتىلغان. مېيىت يۇيۇش يۆتكىمە تەڭنە، تاۋۇت ئەسلىھەلىرى تەقلەپ قويۇلغان. جامە ئۆز راسخۇدىغا جىپ ماشىنا، قول تراكتورى سېتىۋالغاندىن باشقا ئالدىن بېيىغان ئېتىقادچى ئاما بىر مىنىبۇس ماشىنا ئىئانە قىلىپ، ئۆلۈم - يىتىم، دەپنە ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرغان. مۇھاپىزەت پار قازىنى، تۇرۇبا سۈيى، ئېلېكتر ئەسلىھەلىرىنى قوغداش تېخنىكىلىق باشقۇرۇشقا مەخسۇس خادىملار قويۇلغان، جامەنىڭ توك، سۇ ئىشلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، ئىسكىلات، مۇھاپىزەت، ماشىنا ساقلاش ئۆيى، ئىشخانىلار پۇختا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، كىرىش ئېغىزلىرىغا دىنىي، مىللىي سىياسەت قائىدە نىزاملىرى ئەينەك رامكىلارغا ئېلىنىپ چىرايلىق ئېسىلغان. قۇرۇلۇش مۇلۇكلىرىگە 731مىڭ 863 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، جامە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەكرار ئەگرى توقاي تۇسالغۇلار ئىچىدە كىچىكتىن چوڭىيىپ، مۇكەممەل دىنىي پائالىيەت سورۇنىغا ئايلانغان، مەملىكەت بويىچە "لاياقەتلىك 100جامە، مەسچىت"، ۋىلايەت بويىچە "بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ"، ناھىيە بويىچە "بەشتە ياخشى مەسچىت"، "مەدەنىيەتلىك مەسچىت" دېگەن ناملارغا ئېرىشتى. جامە خاتىپى ئابدۇللاجان داموللا ھاجىم، ئىمام شىرئەلى قارى ئاخۇنۇم مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ۋەز - تەبلىغ، تىلاۋەت مۇسابىقىلىرىدا مۇكاپاتلىنىپ، ناھىيەمىزدىكى كەڭ ئېتىقادچى ئاما ئۈچۈن شان - شەرەپلەر كەلتۈردى.

2008 - يىلى رامىزان ئېيىدىن باشلاپ 2009 - يىلى رامىزان ئېيى ئاخىرىغىچە ئابدۇللاجان داموللا ھاجىم، نۇرمۇھەممەت ھاجىمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھەرقايسى جايلاردىن ئىقتىدارلىق بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ جامەنى رېمونت قىلىش، نەپىس بېزەش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، يەنە بىر قېتىم يېڭى تۈسكە كىردى.

سۆيۈملۈك ئانا دىيارىمىزدا قەد كۆتۈرگەن قاراقاش ھېيتگاھ جامەسى ئىخلاسمەن قاراقاش خەلقى ئۆزىنىڭ زېھىن - قۇۋۋىتىنى بېغىشلاپ، مەبلەغ، ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ ساۋابلىق يولدا سىڭدۈرگەن ئەمگىكى ھالال ۋەجى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىپ، بۈگۈنكىلەر ئۈچۈن پەخرى - غۇرۇر، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۆچمەس ئابىدە تىكلەپ بەردى.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيەسىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)



# شىزاڭدىكى مۇسۇلمانلار

پەرھات يۈسۈپ

كۆپىنچە كىشىلەر شىزاڭنى قەدىمدىن تارتىپ زاڭزۇلار بۇددا دىنى(لاما دىنى)غا ئېتىقاد قىلىدۇ دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئەسىرلەردىن بۇيان دۇنيا ئۆزگىرىشىدە ئۆزگىچە خاسلىقى بىلەن يىلتىز تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلار توپىنىڭ بارلىقىدىن، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ خەۋىرى بولمىسا كېرەك. تاراتقۇلاردا بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرمۇ يوق دېيەرلىك. بۇددا دىنى(لاما دىنى) ئىبادەتخانىلىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان شەھەر لاسادا زاڭزۇلىشىپ كەتكەن روشەن خاسلىققا ئىگە بىر مۇسۇلمانلار توپى بار. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى زاڭزۇلارغا ناھايىتى يېقىن، ئۇلارنىڭ ئوي-مەقسەتلىرىنى راۋان، چۈشىنىشلىك، ئىپادىلەيدىغان تىلىمۇ زاڭزۇ تىلى، ھېيت-بايراملاردا ئەڭ كۆپ كىيىدىغىنى زاڭزۇچە كىيىم، مېھمانلارنى كۈتكەندە ئەڭ بۇرۇن ئالدىغا قويىدىغىنىمۇ سېرىق ماي چېيى. يەرلىكلەر ئۇلارنى "كاچې" دەپ ئاتايدۇ. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان شىزاڭدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارنىڭ كەشمىردىن كەلگەنلىكى، قەدىمكى زاڭزۇ تىلىدا، كەشمىرنىڭ "كاچې يول" دەپ ئاتىلىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ھازىر كىشىلەر ئۇلارنى "شىزاڭ مۇسۇلمانلىرى" دەپ ئاتايدۇ. مەيلى "كاچې" بولسۇن ياكى "شىزاڭ مۇسۇلمانلىرى" بولسۇن، زاڭزۇ تىلىنى ئانا تىل قىلغان، ئۆزلىرىنى شىزاڭلىق دەپ قارايدىغان بۇ مۇسۇلمانلارنى "شىزاڭ مۇسۇلمانلىرى" دەپ ئاتاش مۇۋاپىقراق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 8-ئەسىرلەردىلا، تۇنجى تۈركۈمدىكى كۆچمەن مۇسۇلمانلار كەشمىردىن شىزاڭغا كەلگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، نىكاھ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مۇسۇلمانلار تۈركۈملەپ لاساغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئادەم سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ئاخىرى بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە مەھەللە-رايوننى شەكىللەندۈرگەن.

بۇ ئالاھىدە كىشىلەر توپى ھەققىدە چوڭقۇرراق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، مەن لاسادا مۇخبىرلىق قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن بۇددا دىنى(لاما دىنى) مۇرىتلىرى تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جاي "داجاۋ ئىبادەتخانىسى"غا ئانچە يىراق بولمىغان لاسا كونىشەھەر رايونىنىڭ خېبالىن يولى بۆلىكىدىكى لاسا چوڭ مەسچىتىگە يېتىپ باردىم.

باكو كوچىسىدىن شەرققە قاراپ 100 مېتىرچە ماڭغاندا، قەدىمكى زاڭزۇ ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەر ئارىسىدىن مەسچىت ئۈستىدىكى مۇنارغا قادالغان ھىلال ئاي كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ياغاچتىن ياسالغان راۋاق شەكىللىك دەرۋازا بولۇپ، ئۈستىگە ئەرەبچە، زاڭزۇچە، خەنزۇچە يېزىقتا "شىزاڭ لاسا چوڭ مەسچىتى" دېگەن خەتلەر يېزىلغان. ھويلا ئىچىدىكى تاملارنىڭ كۆپىنچىسى زاڭزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە بېزەلگەن بولۇپ، قويۇق ئىسلام دىنى ۋە يەرلىك بىناكارلىق سەنئىتى بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ مەسچىت بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىغا جايلاشقان بولغاچقا، بىناكارلىق ئۇسلۇبى جەھەتتە قۇببىسمان ئۆگزىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، يەنە شىزاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئىشلىتىلىدىغان رەڭلەر ۋە نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ، لاسانىڭ

جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار

كىتاب تور بېكىتى

ئومۇمىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، دىن، مەدەنىيەتنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان ھالدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى تولۇق نامايان قىلىنغاندى.

مەسچىتنىڭ ئىمامى ياقۇپ ئاخۇن بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. لاسادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ياقۇپ ئاخۇن ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان، قويۇق ساقال قويۇۋالغان، كېلىشكەن كىشى ئىدى. سىپى ئۆزىدىن يەرلىك مۇسۇلمان ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ زاڭزۇچە، خەنزۇچە، ئەرەبچىنى پىششىق بىلىدىكەن. ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشى چەت ئەللىك دەپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ياقۇپ ئاخۇن بىزنى باشلاپ مەسچىتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغاچ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.

ھازىر لاسادا يەرلىك مۇسۇلماندىن تەخمىنەن 5000 كىشى بار، سىرتتىن شىزاڭغا تىجارەت، خىزمەت قىلغىلى، ئوقۇغىلى كەلگەن مۇسۇلمانلار 100 مىڭدىن ئاشتى. ھازىر شىزاڭدا يەتتە مەسچىت بار(بەشى لاسادا، رىكازې ۋە چاڭدۇدا بىردىن بار) بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرلۇك دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، لاسا مەسچىتى شىزاڭدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت بولۇپ، مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە سېلىنغان، كېيىن نۇرغۇن قېتىم رېمونت قىلىنغان. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ دىنىي سىياسىتى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، 2001 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. ئادەتتە مەسچىتكە ناماز ئۆتىگىلى كېلىدىغان مۇسۇلمانلار 250تىن 300گىچە، جۈمە نامىزىغا كېلىدىغانلارنىڭ سانى 3000غا يېتىدىكەن.

بىزگە ھەمراھ بولۇپ زىيارەتكە بارغان لاسا شەھەرلىك تەرجىمە ـ تەھرىر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ما دىڭمۇ يەرلىك مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

—— شىزاڭ ئازاد قىلىنىشتىن ئىلگىرى، لاسادا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى يېمەك ـ ئىچمەك، تىككۈچىلىك، ئۇن تارتىش قاتارلىق ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى، ھازىر بولسا ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مائارىپ، تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، شىزاڭدا مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن يەرلىك مۇسۇلماندىنلا ئىككىسى بار. مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى مىسالغا ئالساق، گەرچە 40 مىڭ يۈەنگە يېقىن خىراجەت كەتسىمۇ، ھەجگە بېرىشقا تىزىملىتىۋاتقانلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە.

بىز مەسچىتتە 70 ياشتىن ئاشقان بىر مومايىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا مەككىگە بارغان ئىكەن، يېقىندا يەنە بىر قېتىم بېرىپتۇ. ئۇ سۈرەتكە تارتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ، زاڭزۇچە كىيىمنى كىيىپ، بىز بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.

مەسچىتتىن چىقىپ، ئەتراپتىكى كوچىغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتۇق. مەسچىت بولغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ يەر ”مۇسۇلمانلار مەھەللىسى“ بولۇپ شەكىللەنگەندى. قەدىمكى زاڭزۇچە ئىمارەتلەر ئاساس قىلىنغان كوچىدا ”مۇسۇلمانچە“ دېگەن خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكىلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. ئاق دوپپا كىيىۋالغان ئەرلەر، ياغلىق ئورىۋالغان ئاياللارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى.

ـ زاڭزۇلاردىن تارقالغان بۇددا دىنى(لاما دىنى)نىڭ مەركىزىدە بۇ بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنىڭ ماكانلىشىپ يىلتىز تارتىشى ھەمدە زاڭزۇلارغا ئوخشاش باراۋەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بارالىشىنىڭ ئۆزىلا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، باراۋەرلىكى، ئىناقلىقىنىڭ ئىسپاتى، ـ دەيدۇ ياقۇپ ئاخۇن.

لاسا مەسچىتىدىن ئايرىلىپ، چۆشكە يېقىن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ شىزاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ دۇيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بۇددالا سارىيىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، داڭلىق لالۇ نەم يېرى بويىدىكى ”كاچې لىنكا“غا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، زاڭزۇ تىلىدا ”لىنكا“ باغچە دېگەن مەنىدە. بۇ يەرمۇ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرالغۇلىرى، قەبرىستانلىق ۋە ئىككى مەسچىت بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 16 ـ ئەسىردە، كەشمىردىن شىزاڭغا كەلگەن بىر ئاخۇن 5 ـ ئەۋلاد دالاي لامادىن ماكانلىششقا جاي تەلەپ قىلغان، دالاي لاما ئادەم ئەۋەتىپ بۇ يەردىن ئەتراپقا قارىتىپ ئوقيا ئاتقۇزغان، ئوقيا چۈشكەن دائىرىنى ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىششىغا ئايرىپ بەرگەن. بۇ يەرنىڭ غەربىي ۋە شەرقىدە ئىككى مەسچىت بار بولۇپ، ئارىلىقى نەچچە ئون مېتىرلا كېلىدىكەن. مەسچىتنىڭ جەنۇبى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بولۇپ، قەبرە قوپۇرۇلمايدىكەن.

پەقەت يەرلىكنىڭ ئۈستىگە قەبرە تېشى ئورنىتىلىپ، قازا قىلغۇچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، تۇغۇلغان ۋە قازا قىلغان يىل، ئاي، كۈنى يېزىپ قويۇلىدىكەن.

"كاچى لىنكا"دا يارىشىملىق زاڭزۇچە كىيىم كىيىۋالغان، چىرايى ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدىغان خەدىچە خانىم بىزنى كۈتۈۋالدى. ئۇ پونكىت باشلىقى ۋاڭ دۈينىڭ دوستى، بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان مەھمۇد سەيدىنىڭ ئايالى ئىكەن. خۇشاللىنارلىقى شۇكى، بۇ يەردە توي بولۇۋاتقانىدى، خەدىچە خانىم بىزنى تويغا تەكلىپ قىلدى. توي بولۇۋاتقان جاي "كاچى لىنكا" نىڭ شەرقى جەنۇبىدا بولۇپ، بىر كىچىك ئىشىكتىن چىقىشىمىزغىلا، ئالدىمىزغا قۇببىسىمان ئۆگزىلىك راۋاق كۆرۈندى. راۋاقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر ئابىدە قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە ئەرەبچە، زاڭزۇچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تۆت خىل يېزىقتا ئەينى يىللىرى 5-ئەۋلاد دالاي لامانىڭ "ئوقيا ئېتىپ يەر ئايرىپ بەرگەنلىكى"گە ئائىت قىسقىچە تارىخ يېزىلغانىدى. راۋاقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئوقيا، ئوقيانىڭ ئاستىغا "1650" دېگەن رەقەم ئويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرگە بۇ زېمىننىڭ تارىخىدىن خەۋەر بېرەتتى. بىز سۈرەتكە تارتىۋاتقاندا، پونكىت باشلىقى ۋاڭ دۈينىڭ دوستى مەھمۇد سەيد ۋە بۈگۈن تويى بولۇۋاتقان يىگىتنىڭ ئاتىسى ئابدۇل ھەلىم يېتىپ كەلدى، بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھويلىغا كىردۇق.

پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئالدىمىزغا ھورى چىقىپ تۇرغان گۆش، پۇرچاق، پىشلاق قىيملىق مانتىلار كەلتۈرۈلدى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ توي-تۆكۈن يىغىلىشىدا مېھمان كۈتۈۋالىدىغان ئالاھىدە يېمەكلىكى ئىكەن. تويغا كەلگەن، شىزاڭ مۇزېيىدا ئىشلەيدىغان ئەلى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— شىزاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ تويدىكى يېمەكلىكمۇ ئۆزگىچە. ئادەتتە ناشتىغا چىقىرىلىدىغىنى — "ساۋىنا" يەنى خېمىر ئىنچىكە سوزۇلۇپ مايدا داغلاپ پىشۇرۇلۇپ، سۈتكە چىلاپ ئىچىلىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك. چۈشتە چىقىرىلىدىغىنى — گۆش، پۇرچاق، پىشلاق قىيملىق مانتىلار. كەچتىكىسى — ئاساسلىقى پولو.

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، پولو كالا-قوي گۆشى، سەۋزە، پىيازنى مايدا قورۇپ، گۈرۈچ بىلەن دۈملىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە يېمەكلىكى. لېكىن شىزاڭ مۇسۇلمانلىرى ئەتكەن پولونىڭ ئاتىلىشى ئوخشاش بولسىمۇ، ئېتىلىشى ۋە خۇرۇچلىرى ئوخشىمايدىكەن. ئۇلار پولونى سېرىق ماي بىلەن قورۇپ دۈملەيدىكەن. سەۋزە، پىياز قاتارلىق خۇرۇچلىرىمۇ بولمايدىكەن. قوتاز گۆشىمۇ ئايرىم پىشۇرۇلىدىكەن.

ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شىزاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ يەنە نۇرغۇن ئۆزگىچە يېمەكلىكلىرى بار ئىكەن. بايا تىلغا ئالغان "ساۋىنا"، "پولو"دىن سىرت، يەنە "خالو"، "سالان"، "بىلىلى" دەپ ئاتىلىدىغان تائاملىرى بار ئىكەن. قانداق يېمەكلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سېرىق مايدىن ئايرىلالمايدىكەن. بۇمۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ شىزاڭ جەمئىيىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەززىلىك مانتىغا ئېغىز تېگىپ، چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەنگەن قىز-يىگىتكە چىن كۆڭلىمىزدىن بەخت تىلىگەندىن كېيىن، مەھمۇد سەيدىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. مېھماندوست خەدىچە خېنىم بىزگە "ساۋىنا" تەييارلاپ قويغانىكەن. ئۇلارنىڭ ساپ زاڭزۇ پاسونىدا بېزەلگەن، نۇرغۇن ئىسلام دىنى بېزەكلىرى ئېسىلغان مېھمانخانىسىدا ھەممە نەرسە ئىللىق، يېقىملىق كۆرۈنەتتى.

مەھمۇد سەيد ۋە خەدىچە خېنىم پېنسىيەگە چىققانىكەن. قۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن چوڭ قىزى شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلىدىكەن، ئوغلى چەت ئەلدە ئوقۇيدىكەن، كىچىك قىزى شىزاڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدىكەن. مەھمۇد سەيدىنىڭ چىرايىدىن ھازىرقى تۇرمۇشىدىن رازىمەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن لاسادا چوڭ بولغان، ئۆزۈمنى سىرتتىن كەلگەن دەپمۇ ھېس قىلمايمەن. مەن شىزاڭلىق، بىزنىڭ زاڭزۇلار بىلەن ئېتىقادىمىز ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن باشقا جەھەتتىن ئاساسەن پەرقىمىز يوق. بىز بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىمىز، ئۆزئارا ياردەم بېرىمىز، بىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىز ناھايىتى بەختلىك ئۆتمەكتە.

ئاسمىنى كەڭ شىزاڭ ئۇلارغا تاتلىق ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ، كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تېخىمۇ كۆپ ئۈمىدلەرنى ئاتا قىلغانىدى. بىز "كاچى لىنكا"دىن ئايرىلدۇق، لېكىن مەھمۇد سەيدىنىڭ يۈرەك سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. "بىپايان چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىدە دىنىي ئىناقلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ خۇشپۇراق گۈللىرى داۋاملىق پورەكلەپ ئېچىلغاي!" دېدىم ئىچىمدە.

(ئاپتور: مەركىزى خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)




ياخشىلىق — گۈل بولسا، ياخشىلارنىڭ قەلبى گويا بىر گۈلىستاندۇر.

ياخشىلىق — كۈي بولسا، ياخشىلارنىڭ قەلبى گويا بىر مۇقام خەزىنىسىدۇر.

ياخشىلىق — ئاچقۇچ بولسا، ياخشىلار بىلەن جەننەتۇل رىزۋان ئىشىكى ئېچىلغۇسىدۇر...

ياخشىلىق — ھايات ھەققىگە قايتۇرۇلغان ئەڭ ئېسىل جاۋابدۇركى، ئۇنىڭ ساۋابى مەڭگۈلۈككە يېتىپ بېرىشقا ھەم ھاياتتىن يېتەرلىك شەرھى-ئىزاھ بېرىشكە قادىر. ياخشىلىق ھاسىلي ئۇنۇم سۈپىتىدە ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىق لاياقىتىنى ئىسپات ئېتىپ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك قۇربى بىلەن غايىۋى مەۋقەلىرىگە بەلگە بېرىدۇ.

ياخشىلىق مىسلى ئاپتاپدۇركى، ئۇنىڭ بەھرىدە ھايات زۇلمەت پەرەنجىلىرىدىن يېشىنىمىش، غەپلەت تۇمانلىرىدىن سۈزۈلمىش، ئۆزلۈك بەرقى-بالاغەتلىرىنى كۆرمىشتۇر.

ئېھ ھايات چىمەنىدە نۇرغا زار پىنھانە رەيھان، ئەمدى بۇ سۆزنىڭ قەۋەت-قاتلىمىنى ئۆز ئاياغلىرىڭ بىلەن كەز، ئاندىن كۆرگەنلىرىڭنى ئۆزۈڭگە تەتبىقلاپ ئوي-خىيال ساماسىدا بەھۇزۇر پەرۋاز ئەت. موھتاجلىقنىڭ لۇتفى-كەرەم مەنىسىدە گۈرۈلدەپ يانغان ياخشىلىق ئوتلىرىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانسۇن، مۇبارەك غۇنچىلىرىڭ ھەم ياخشىلىق ئاپتىپىدا قات-پورەك ئاچسۇن!

ياخشىلىق — ھەممىگە يېتىشلىك، يېقىشلىق ۋە سىڭىشلىك مېھرى-مۇھەببەت مەنىسىدە ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تەمىن ئېتىدۇ. ئۇ، يۈكسەلگەن ھايات پەللىسىدە ئىنساني مەقامغا يەتكەن نۇرانە قەلبىنىڭ ھىممىتى، ئاندىن موھتاجلىق كۆلبىلىرىدە كۆرۈلمىش مەنپەئەتدار قەلبنىڭ سائادىتى. ئاخىرىدا بولسا، ھىممەت بىلەن سائادەتتىن قايتمىش قەلب رەھمىتىدۇر. مۇنداق ئۆتنىش ۋە ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتىدە ياخشىلىق قىلغۇچى ئىنساننىڭ يۈزى يورۇق، يوللىرى راۋان، مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولىدۇ. چۈنكى ياخشىلىقتىن تارايدىغىنى، ياخشىلىققا ھەم قايتىدىغىنى ئوخشاشلا نۇر، يەنى ئىنساني نۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرماق باشتىن-ئاخىر بەخت-سائادەتكە نىشاندۇر.

ياخشىلىق سوراققا نىشانەن جاۋاب دۇرلىرى چاچقىنىدا، ئۇنىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتۇل رىزۋان مۇرادى ھاسىل بولمىشتۇر. مەنزىلىڭ روشەنلىك ئارا دىل پىنھانىڭدا قارار تاپقاندا، بۇ دۇنيانىڭ ئۇ دۇنياغا بارىدىغان ھەقىقىي يول ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ چوقۇم. شۇڭا، دۇنيا مەنىسىدە مۆجىزىلەرگە، مۆجىزىلىك بېشارەت ۋە ئىشارەتلەرگە پەۋەس تولغان بۇ يولنى ياخشى ماڭ، ئۇنى غەنىيمەت ۋە سائادەت بىل، ئۇندا ھاياتقا جاۋابەن ياخشىلىق نۇرلىرىنى ھەريان چاچ، ئاخىرەتلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن. ئەمما ياخشىلىق بىراۋنىڭ قەررزىنى قايتۇرۇش ياكى بىراۋغا تەسكىن-تەسەللى بېرىش ۋەياكى ياخشىچاق بولۇش مەنىلىرىدە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلىقنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئاقلاش، ئۆزۈڭنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى خاس ۋە قالتىس بىر ئادەم ئىكەنلىكىڭنىڭ ھەقىقەتلىرىنى تەبئىي نامايان قىلىش مەنىلىرىدە روي بەرسۇن. بۇنداق ياخشىلىقنىڭ قىممىتى بىباھا بولۇپ، ياخشى بولۇش

ئوقۇرمەنلەر ساداسى

شەرتىدە ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشاتقان، باشقىلارنىڭ ئۆلچەم-راەكىلىرىغا سالغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزلۈكىنىڭ خاسلىق پرىنسىپلىرىدىن، شىددەت ۋە زىلزىلىلىرىدىن جۇدا بولغان ئىمجان كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا ياخشىلىقنىڭ قوبۇل قىلغۇچى كىشىنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالالايدۇ. دېمەك، ياخشىلىق قىلىش نوقۇل ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ قەلبىگە ياخشىلىق نۇرلىرىنى چېچىپ يورۇتۇش ۋە ياخشىلىققا تولغان دۇنيانى ئىنسان بىلەن قوشۇپ باغرىغا ئالالايدىغان پەللىگە يېتەكلەش ئۈچۈندۇر. بۇ، بىر مۆھەببەت! ئىنساننى ئىنسانغا باغلاپ، ئۇلار ئارىسىدا بىمالال ئۆتىشىپ تۇرىدىغان خەيرلىك يول ۋە كۆۋرۈك ھاسىل قىلىدىغان؛ ئىنساندىن ئىنسانغا، ئۇنىڭ تۇپ-تۈركۈملىرىگە، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسىگە ھالقىپ سائادەت ھەم كامالەت تاپىدىغان ئۇلۇغ بىر مۆھەببەت...

ياخشىلىق بايانىدا ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى ۋە بۇ ساۋابنىڭ ئايلىنىش رەۋىشىدە ھامان سائادەتكە ئاساس ھەم شارائىت يارىتىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن. شۇڭا، سائادەتلىك بولاي دېسەڭ ياخشىلىق قىل، ئۇنىڭ ساۋابىدىن ئۆز-ئۆزۈڭنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ياخشىلىق تۇغۇلغان ئەينى ھايات نۇقتىلىرىدىن ئۇنىڭ يەنىمۇ يۈكسەك قاتلاملىرىغا ھالقىپ ئۆتۈپ كەت. شۇ يوسۇندا ھەتتا ياخشىلىق قىلغىنىڭنى ۋە ياخشىلىقىڭنى قوبۇل قىلغۇچىنىمۇ ئۇنتۇپ، ياخشىلىقنىڭ تېخىمۇ تېرەن ۋە تېخىمۇ كەڭ قاتلاملىرىنى ئىدراك قىل. ئۇندا ياخشى ئادەمدىن قالتىس ئادەمگە ئايلىنىشنىڭ كامالىتىنى ئىلكىڭگە ئال. ئەمما نەپس غەۋغالىرى ياكى بەسچىلىك گۇپپاڭلىرى ۋەياكى قالتىس ئىنسانلىق غۇرۇرلىرى تۈپەيلى ھەرگىزمۇ كەينىڭگە قايرىلىپ قارىما، ھەرگىزمۇ كەينىڭگە يېنىپ كېلىپ ئۆتمۈشتىكى ياخشىلىقىڭنىڭ ساۋابىغا قول سوزما. نەزەر كەڭلىكىدە كۆز، پىكىر تېرەنلىكىدە سۆز، ھالقىش تېزلىكىدە روھ بار. ئۇلار ياخشىلىق بابىدا يەنىلا ساڭا، ياخشىلارغا تىكىلگەندۇر. شۇڭا، ياخشىلىقنىڭ مىننىتى ياكى تەممەسىدە تۇتۇلغان كۆڭۈلنىڭ، نۇرانە ئوبرازىڭ خۇددى كىلىمات ئۆزگىرىشلىرىگە ئوخشاش ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئۆزگىرىپ شەرمسار بولۇشى تۇرغانلا گەپ. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، نوقۇل ساۋاب ئۈچۈنلا ياشاش ئىنساننى ياخشىلىقنىڭ مىننەتچىسىگە ھەم تەماخورىغا ئايلاندۇرۇپ، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ۋە ئۆز يۈرىكىنى ئۆزى داغلايدىغان بىچارە كۆڭگە قويىدۇ. قىلغان ياخشىلىقلارنىڭ قىممىتىمۇ ئەسلى دەرىجىسىدىن يېنىپ، بۇ كەملىشىلەرگە ئارا تۇرالمايدۇ. ياخشىلىق قىلىش مۆئەييەن مۇددىئا ئۈستىدە روي بەرسە ياكى ياخشىلىق قىلغۇچى ئۆز ياخشىلىقىنىڭ ساۋابى ئۈچۈنلا ياشىسا، بۇ دۇنيا ئۆتنە-يېرىم قىلىشنىڭ ئايلانما ئېقىنىغا ئوخشاش ئادەمنى ھامان بىر كۈنى كۈتۈلمىگەن موھتاجلىق دەردلىرىگە مۇپتىلا قىلىدۇ. ياخشىلىق ھاياتتىكى بىردىن-بىر مۇددىئا ئەمەس، ئۇ ھەم ھوسۇل ئېلىش ۋە ھاياتنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈنلا تېرىيدىغان بىردىن-بىر زىرائەتمۇ ئەمەس. ھاياتنىڭ يەنىمۇ گۈزەل ۋە يۈكسەك پەللىلىرىدە ھەممىگە ئورتاق نىجادلىق تاڭلىرىنىڭ ئۈچۈقىنى ئېچىش ھەقىقىي مەقسەت-مۇددىئا سۈپىتىدە ياخشىلىقنىڭ يەككە تۇر-قاتلىمىدىن ھالقىپ، ئۇنىڭ بىرلىكىدىكى ئومۇمىيلىقتا، يامانلىق بىلەن كۆرىشىش روھى ۋە ھۆر ياشاش ئىرادىلىرىدە تېخىمۇ تېرەن مەنە توكۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياخشىلىق ئۆتكۈنچى، تەكرار جەريان بولۇپ، ھەر ياخشىلىق ئەسناسىدىكى ئەينى ھالدىن بەھرە ئېلىش ئۇنىڭ كېيىنكى ساۋابىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. يەنى ياخشىلىق قىلىشتىن پەيدا بولغان ئىزگۈ تەسىرات ئۆز نۆۋىتىدە سېنى ياخشىلىقنىڭ ساۋابى ۋە جاۋابى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ھايات چەكلىرىدىن تېخىمۇ يۈكسەكلەرگە ئۆرلىشىڭگە، ئۇندا ھەقىقىي ئىنسانىي قىممەت يارىتىشىڭغا، ياخشىلىققا ھامىي نىجادىيەت دەۋرانىنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىشىڭغا چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ بارىدۇ. شۇڭا، ياخشىلىق سەندىن، ئۇنىڭ ئىزگۈ تەسىراتىمۇ ئوخشاشلا ئۆز-ئۆزۈڭدىن بولغاندا، تەمە ۋە مىننەتكە، زىددىيەت ۋە يامانلىققا ئىمكان قالمايدۇ. سەن ياخشىلىق قىلغۇچى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىزگۈ تەسىراتلىرى بىلەن پەرۋىشلىنىپ ئىنسانىي مەنزىلگە بىمالال يېتىۋېرىشىڭ مۇقەررەردۇر، ئەي ياخشىلىق بابىدا ياخشى ئاتالغان كەرەملىك ئىنسان! يەنە ياخشىلىق سەندىن، ئۇنىڭ ساۋابى باشقىلاردىن بولغىنىدا، ياخشىلىق قىلغۇچى سەن بولغىنىڭ ئۈچۈن، ياخشىلىق بىلەن ياخشىلىق ئۆزئارا تۇتىشىپ ئېچىلغان ئۇلۇغ بىر يولدا ياكى ياخشىلىق بىلەن ساۋاب ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تەبەسسۇم قىلغان پارلاق بىر سەھەردە تۇرۇۋېرىشىڭ، ئۇنىڭ بەھرى-شارابىتىدە ئىنسانىي گۈللىرىڭ قات-پورەك ئېچىۋېرىشى تەبىئىيدۇر، ئەي ياخشىلىق قىلغۇچى كەرەملىك ئىنسان!

ياخشىلىق خۇسۇسىدا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ بىلىش ھاجەتكى، ياخشىلىق ئىنسان ئۈچۈن ھامان مۇتلەق ھال ئەمەس. ياخشىلىق بىلەنلا جاھان ئوڭشىلىپ، ئادەملەر تۈزلىپ، ئىشلار ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. ياخشىلىق گاھى يامانلىقتەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولالماي، نىجادىيەت تاڭلىرىغا نۇر ئاتا قىلالماي، ئىنساننى پۇشايمان ۋە نادامەتتە قويۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىجتىمائىي ھاياتتا ئىنسان ھامان ياخشىلىق

بىلەن يامانلىقنىڭ بىرلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇتلەق ھالىتىنى بۇزۇپ تۇرىدۇ. ئىنسان ئۆز تەبىئىتى ئېتىبارى بىلەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بىرلىكىدە قەد كېرىپ، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىدىن باش كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھاياتتا مۇتلەق ياخشى ۋە مۇتلەق يامان ئادەم بولمايدۇ. ئادەمنى ھەم مۇتلەق ياخشى ياكى مۇتلەق يامان دەپ ئايرىش مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق. ياخشى دەپ ئاتالغان ئادەمنىڭ يامانلىق قىلمىشلىرى بولغىنىدەك، يامان دەپ ئاتالغان ئادەمنىڭمۇ ياخشىلىق خىسلىتى بولىدۇ. بۇ، ئىنساننىڭ ئىنسانغا خاس تەبىئىتى ۋە زامانغا خاس ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ھالىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئىنسان تەبىئىتى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بىرلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇرەككەپ سىستېما. ئۇنىڭدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۆزئارا زىددىيەت ھالىتىدە تۇرۇپ، ئىنساننىڭ تۈپكى روھىي ھالقىشلىرىنى كامالەتكە نىشانەن ئىلگىرى سۈرۈپ بارىدۇ. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ھالىتىمۇ ئوخشاشلا ئۆزلۈك بىلەن بىرلىكنىڭ زىددىيىتى ئۈستىدە قانات يايدىغان مۇرەككەپ سىستېما. ئۇنىڭدا ئۆزلۈك بىلەن بىرلىك ئۆزئارا زىددىيەت ھالىتىدە تۇرۇپ، ئىنساننىڭ تۈپكى ھاياتلىق غايىسىنى سائادەتكە نىشانەن ئالغا سۈرۈپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئۆز جەمئىيىتىنىڭ چەكلىمىلىرى ئىچىدە گاھى يامانلىققا مايىل كەلسە، گاھى ئۇلاردىن ھالقىشنىڭ نىجادىيەتلىرىدە يەنە ياخشىلىققا مايىل كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق لاياقىتىنى ئىسپات ئېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنسان بىلەن ئىنسان مۇئەييەن بىرلىك رىشتىسى ئاساسىدا ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىممىتى ئومۇمەن ئەقىدە تەرتىپىدىكى ياخشىلىق ھەممەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ھاياتقا ئۆزلۈكسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىپ بارىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئەسلىي تەبىئەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەپتىش قىلماي، ئۇنىڭ ئۈستىدە شاللاش ۋە تاللاش ئېلىپ بارماي، يامانلىقتىن ياخشىلىققا ھالقىماي تۇرۇپ ئىنسانلىقنىڭ گۈزەل پەللىلىرىگە يېتەلمەيدۇ. ئوخشاشلا، ئىجتىمائىي خاراكتېرنىڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە ئاساسىي چەكلىرىدىن ئايرىملىقنىڭ ھۆرلۈكى ۋە كامالىتىگە ھالقىماي تۇرۇپ، ئىنسانىي سائادەتلەرنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيدۇ. دېمەك، ياخشىلىق ئاخىرقى نىشان بولمىسىمۇ، ياخشىلىق بىلەنلا نىجادىيەت تاڭلىرى ئاتمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرىنىڭ پارلاق تەرىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھامان يامانلىققا چەك قويۇپ، بىرلىك سائادەتلىرىنىڭ يوللىرىنى راۋان،

مەنىسىنى رەڭدار، مەنزىلىنى يېقىن قىلىدۇ. شۇڭا، نىجادلىق مەنزىللىرىگە يېتىشتە، ئىنساننىڭ ئۆزلۈكتىن بىرلىككە ھالقىشى، ئۇندا ئۆزلۈكنىڭ ياخشى ـ يامان تەرىپىدىن كېسىپ ئۆتىشى، ياخشىلىقنىڭ قىممىتىنى كامالەت بىلەن سائادەتكە سىڭدۈرۈپ شەرەپلىك دەۋران سۈرىشى مۇقەررەر يولدۇر.

ياخشىلىق — ھاياتقا، ھايات ئىگىلىرىگە بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەت، مۇھەببەت ۋە ئىلتىپات مەنىلىرىدە يېشىلىپ، ئىنساننىڭ ھاياتتىكى تۈپكى قىممىتىنى ئىپادە قىلىدۇ. شۇڭا، ياخشىلىق ئىنسانىنى ئىنسانغا باغلاپ، ئۇلارنىڭ بىرلىكىدە كۆرۈلمىش ئىنسانلىقنىڭ ئىزگۇ مەنزىللىرىگە يېتەكلەيدۇ. ئىنسان بۇ مەنزىللەردە ئىنسانلىقنىڭ ئەسلىي ماھىيەتلىرىگە تۇتىشىپ، ئۇندا ياخشىلىق گۈلى ئېچىشنى قائىدىلەشتۈرىدۇ، ھەمدە يامانلىققا چەك قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۈرىشىش ئىرادىسىنى ئىلكىگە ئالىدۇ. ياخشىلىق بىۋاسىتە نىسبەتەن كونكرېت شەكىللەردە بېغىشلىنىدىغان تەسىرچان مۇھەببەت سوۋغىلىرى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىدىكى ھايات كەڭلىكىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، شۇ خىل تەسىر تەرتىپىدە يۈكسىلىپ بارىدىغان بىرلىك مۇناسىۋەتلىرىگە يېڭىچە سۈپەت ئاتا قىلىدۇ. ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىق تەسىرىدە يېڭىچە سۈپەتكە ئىگە بولۇشى بىر تەرەپتىن ئىنسانىي ياخشىلىقنىڭ قىممىتىگە نىشانەن ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىشقا يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشىلىقنىڭ سائادىتىگە نىشانەن بىرلىكتىن ھالقىشقا يېتەكلەيدۇ. ئىنسان ئېنىق نىشان ئاساسىدىكى بۇ خىل ھالقىشلىرى ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئومۇمىي گەۋدىسىدە قارار تېپىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ياخشىلىقنىڭ ئۆزىگە ۋە يېڭىدىن ـ يېڭى بەرپاچىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، يەنە يامانلىق يامانلىقنىڭ، ياخشىلىق ياخشىلىقنىڭ سەۋەبكارى بولغىنىغا ئوخشاش، ياخشىلىقتىن بەھرە ئېلىش ياخشىلىقتىن باش چىقىرىشقا سەۋەب بولغان ھالدا، ئىنسانىي ياخشىلاردىن بولۇشقا، يامانلارنى تۈزەشكە، ياخشىلىق نۇرلىرى بىلەن سائادەتلىك چىراي ئاچمىش مۇنەۋۋەر زامان قۇرۇلۇشىغا ئاڭلىق ۋە ئاكتىپ قاتنىششقا ئۆزلۈكسىز رىغبەت بېغىشلاپ بارىدۇ. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ساۋابى جۇملىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر تۈردىكى بىرلىك گەۋدىلىرىنى ئۆز ۋە ئۆزگىدىن كەلمىش يامانلىق خەۋپ ـ خەتەرلىرىدىن ساقلاپ تۇرىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە؛ تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)



2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى رومىنىيە ئىسلام تەشكىلاتىنى زىيارەت قىلدى.



2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇلغارىيە ئىسلام تەشكىلاتىنى زىيارەت قىلدى.





2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم باشچىلىقىدىكى 4 كىشىدىن تەركىب تاپقان خىزمەت ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، 2015 ـ يىللىق ھەج تاۋاپىدا جۇڭگودىن ھۆددىگە ئالغان ھەج ئايروپىلانى ۋە ياتاق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.



2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، رۇسىيە مۇفتىلار مەسلىھەتچىلەر ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى روشەن ئاباس جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، مالايسىيا كۇئالا لۇمپۇر شەھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەخمەت خەيرى ئەبۇ بەكىر باشچىلىقىدىكى ئۆمەك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.





2015 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، قازاقىستان مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى مارات ئەزىرخانوف باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى رامزان، يۇنۇس، ئوسمان تارتقان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ISSN 1007-5836

9 771007 583001 06>

公 开 发 行

《中国穆斯林》（维吾尔文版）
国际标准刊号：ISSN1007—5836
国内统一刊号：CN11—1346/B
国内邮发代号：（新）58—167
国外发行代号：Q1720
定价：5.00元

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 5.00 يۈەن